تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

# خۇلقنامە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# خۇلقنامە

ئاپتورى: سوقرات قاتارلىقلار

تەرجىمە قىلغۇچى: جاسارەت تاش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(C I P)数据

品格书. 1/（古腊拉）苏格拉底等著. 加萨来提·塔什译。 -
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.12
ISBN 978 - 7 - 228 - 10627 - 1

Ⅰ.品... Ⅱ.①苏...②加... Ⅲ.个人- 道德修养 -
维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.B825

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第145384号

责任编辑：帕提古丽·米吉提
责任校对：阿斯亚·艾合买提
封面设计：买买提·努巴提

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　2.875印张　2插页
2006年 12月第1版　2007年 11月 第2次印刷
印数：3061-6060

ISBN 978-7-228-10627-1　定价：5.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئۆزىنى تونۇۋېلىش — بارلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسى ......
........................................ سوقرات (يۇنان) (1)
بارلىق شان ـ شەرەپ تاۋلىنىش ئارقىلىق ساقلىنىپ قالىدۇ
............................................ سېنوفون (يۇنان) (4)
سۆھبەت جەريانىدا پەزىلەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقىڭىزنى ئاشكارىلاپ
قويماڭ........................................ سىسېرو (رۇم) (8)
ھەممە ئادەمگە ئىشىنىش، ھېچكىمگە ئىشەنمەسلىككە ئوخشاش خاتا
............................................ سېنېكا (رۇم) (11)
ئادەم قانچىلىك تالانتلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆگىنىشكە
شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ...... سوقرات (يۇنان) (14)
شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ماختاش چەكتىن ئاشمىسۇن
.................................. پلۇتاركۇس (يۇنان) (16)
تەلۋىلەر جەزمەن ئاقىل ئەمەس ...... سوقرات (يۇنان) (18)
پۇل بېرىش ئارقىلىق سېخىيلىقنى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ
............................................ سىسېرو (رۇم) (20)
ئادەم خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياشايدۇ ..........................
.................................. مارك ئاۋرېلىئۇ (رۇم) (23)
مەرتىۋەڭ قانچە ئۆسسە، بېشىڭنى شۇنچە تۆۋەن سېلىپ ماڭ
............................................ سىسېرو (رۇم) (25)
گۇمانخور بولما، بولساڭ چاندۇرما ..........................
.................................. بېكون (ئەنگلىيە) (27)
ئالدامچىلار خوراپاتلىق ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ نادانلىقىدىن پايدى-
لىنىدۇ ........................ گولباخ (فرانسىيە) (30)
پوچىلىق مەڭگۈلۈك لەنەتكە مەھكۇمدۇر ......................
.................................. ئارستوتېل (يۇنان) (32)

سۆزنى ئوبدان تاللاپ قىل، تاللىمىساڭ سەن غاپىل .........
........................ شەمسۇلمائالى قابۇس (پارس) (35)
بىلمەي تۇرۇپ ھېچنېمە، ئىقتىدارىم بار دېمە ...............
...................................... سوقرات (يۇنان) (40)
ئۆزىنى قالتىس چاغلاش — بىمەنىلىك .......................
........................... مونتەينى (فرانسىيە) (43)
نام - شۆھرەتتىن تەسەللى ئىزدىمەڭ .........................
........................ شوپېنخائۇئېر (گېرمانىيە) (45)
خەقنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى سېتىۋېلىش بىھاجەتتۇر ..............
................................ ئېپىكتېتوس (رۇم) (52)
تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز ئاۋامنىڭ دىتىغا ياقسۇن ..............
........................................ سېنېكا (رۇم) (54)
ياخشى ئىش قىلىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشىڭ، مال - بىساتىڭىزنىمۇ
قۇربان قىلىۋەتمەڭ .................. سىسېرو (رۇم) (57)
مەن چېچەن دەپ قىلسا تادانلىق، ئىسپاتلىنار دۆتلۈك - نادانلىق
........................................ بېكون (ئەنگلىيە) (60)
بولساڭ ئەگەر پۇرسەتپەرەس، قىلغان ئىشىڭ پۇختا ئەمەس...
...................................... سوقرات (يۇنان) (63)
تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشتىن ئازابلىنىپ يۈرمەڭ ...............
........................................ سېنېكا (رۇم) (64)
تەكەببۇرلۇق — ھاماقەتلىكنىڭ ئىپادىسى ........................
............................ لېۋ تولستوي (روسىيە) (66)
كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالماسلىق-
نىڭ ئىشەنچىلىك كاپالىتى ............ سىسېرو (رۇم) (71)
ئىنسان ۋە خاراكتېر............ گېراسىئان (ئىسپانىيە) (77)
ئادەمنىڭ قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان رەزىللىكلەر ئەيىبلىنىشى كې-
رەك ............................ ئارستوتېل (يۇنان) (79)
ئالىيجانابلىق يولى ......... ھېنرى نيۇمان (ئەنگلىيە) (84)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزىنى تونۇۋېلىش — بارلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسى

## سوقرات (يۇنان)

دوستلىرىم، بىز ئۇرۇشقا دۇچ كەلگەندە، بىر ئادەمنى تال-
لىۋېلىشىمىز كېرەك، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدىن پايدىلىنىپ،
ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالماقچى ھەم دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب
كەلمەكچى بولغىنىمىزدا، ئاچ كۆزلۈك، ھاراقكەشلىك، شەھۋا-
نىي ھەۋەس، ھارغىنلىق ياكى ئۇيقۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا قارشى
تۇرالمايدىغانلىقىنى ئۆزىمىز ئېنىق بىلىدىغان بىر ئادەمنى
تاللىۋېلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟... بىز مۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ
بىز ئۈچۈن ئىشلەيدۇ ياكى دۈشمەنلىرىمىز ئۈستىدىن غالىب
كېلەلەيدۇ دېيەلەيمىز؟ ياكى جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئوغۇللىرى-
مىز، ياتلىق بولمىغان قىزلىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش-
نى ۋە مال - مۈلكىمىزنى باشقۇرۇشنى بىرەرسىگە ھاۋالە قىل-
ماقچى بولساق، ئۆزىنى تونۇۋېلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنى ئە-
شەنچىلىك دەپ قاراپ، بۇ ئىشلىرىمىزنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قى-
لىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ قوي - ئۆچكىلىرىمىز، ئاشلىق ئامبار-
لىرىمىز، ئېتىمىز - ئېرىق ئىشلىرىمىزنى ئۆز مەيلىچە ئىش
قىلىدىغان چاكىنا قۇلغا ھاۋالە قىلارمىزمۇ؟

باشقىلار مۇشۇنداق بىر قۇلنى بىزگە ھەقسىز بېرىۋەتكەن

تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئېلىپ غوجىدارىمىز ياكى مال سېتىۋالغۇچىمىز
قىلارمىزمۇ؟ مېنىڭچە، ھېچكىم بۇ ئىشلىرىنى ئۆزىنى تۇتۇۋالال-
مايدىغان بۇنداق ئادەمگە ھاۋالە قىلمايدۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان
قۇلىمىزنىڭ بولۇشىنى خالىمىغاندىكەن، ئۆزىمىزنىڭ شۇنداق ئا-
دەم بولۇپ قالماسلىقىمىز تېخىمۇ مۇھىم ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، ئۆزىنى
تۇتۇۋالالمايدىغان ئادەم باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىپ، ئۆ-
زىنىڭ چۆنتىكىنى توشقۇزىدىغان تويماس ئادەمدەك، ئۆزگىنى زىيان-
غا ئۇچرىتىپ، ئۆزى پايدا ئالمايدۇ، بەلكى ئۆزگىگە قارىغاندا ئۆزىنى
تېخىمۇ زور زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى شۇكى، بۇنداق
ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، يەنە ئۆزىنىڭ
سالامەتلىكى ۋە روھىنىمۇ نابۇت قىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەر مەلۇم
بىر ئادەمنىڭ دوستلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە قارىغاندا يەپ -
ئىچىشكە بەكرەك بېرىلىدىغانلىقىنى، دوست تۇتۇشقا قارىغاندا زى-
ناخورلۇققا تېخىمۇ ھېرىسمەنلىكىنى ئېنىق بىلسە، ئۇنداق ئادەم
بىلەن كىممۇ باردى - كەلدى قىلىشنى خالايدۇ؟!

ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇرچى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بارلىق ئەخلاق -
پەزىلەتنىڭ ئاساسى، ئەخلاق قەلبىمدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتەك گۈزەل
ئەخلاقنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ تونۇش ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي-
دىغان ئادەم ياخشى ئىش قىلىشنى ئۆگىنەلەمدۇ ياكى ياخشى ئىش
قىلىشنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ؟ شەھۋانىي ھەۋەسنىڭ قۇلىغا
ئايلانغان قايسى ئادەم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى رەزىللىك-
تىن خالىي بولالايدۇ؟

تەڭرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭچە، بىر ھۆر

ئادەم ئىبادەت قىلىپ، تەڭرىدىن ئۆزىنى ھېلىقىدەك قولغا مەڭگۈ يولۇقتۇرماسلىقنى، شۇنداقلا شەھۋانىي ھەۋەسنىڭ قولىغا ئايلانغان بىر ئادەم ئۆزىگە ئاق كۆڭۈل خوجايىن ئاتا قىلىشىنى تىلىشى لازىم. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ خىلدىكى ئادەملەر قۇتۇلۇپ قالالايدۇ.



# بارلىق شان ـ شەرەپ تاۋلىنىش
# ئارقىلىق ساقلىنىپ قالىدۇ

## سېنوفون (يۇنان)

ئۆزىنى بىلىم سۆيەر دەپ قارايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر: ئادەم بىر مەھەل خالىس بولسا، كېيىنچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ؛ ياكى بىر مەھەل ئېھتىياتچان بولغان ئادەم كېيىنچە ئېھتىيات قىلمايدىغان ئادەم بولۇپ قالمايدۇ؛ ھەرقانداق ئادەم ئوقۇپ بىلىملىك بولغاندىن كېيىن، يەنە بىلىمسىزگە ئايلىنىپ قالمايدۇ، دېيىشى مۇمكىن. ئەمما، مەن بۇنداق قارىمايمەن. مېنىڭچە، ئومۇمەن بەدەن چېنىقتۇرمايدىغان ئادەم بەدەن ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمايدۇ؛ ئومۇمەن قەلبىنى چېنىقتۇرمايدىغان ئادەممۇ قەلب ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھەم ئۆزلىرى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلالمايدۇ، ھەم ئۆزىنى ئۆزلىرى قىلسا بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشتىن خالىي قىلالمايدۇ. مەسىلەن، ئوغلى پەزىلەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئاتا بولغۇچى ئۇنى يامان ئادەملەرگە ئارىلىشىشتىن توسۇشى لازىم، چۈنكى پەزىلەتلىك بىر ئادەم ياخشى ئادەمگە ئارىلاشسا، ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى چېنىقىدۇ، يامان ئادەمگە ئارىلاشسا، ئەخلاق ـ پەزىلىتى بۇلغىنىدۇ. بىر شائىر بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ: «ياخشى ئادەم بىلەن بىللە بولساڭ، ياخشى ئىش قىلىش ـ

نى ئۆگىنىسەن، يامان ئادەم بىلەن ئارىلاشساڭ، ياخشى ـ يامانىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىڭنىمۇ يوقىتىپ قويىسەن» دېگەن.

يەنە بىر شائىر: «بىر ياخشى ئادەم بىر چاغلاردا ياخشى بولسا، يەنە بىر چاغلاردا يامان ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېگەنىدى.

مەن ئۇلارنىڭ قارىشىنى ياقلايمەن، چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە، كىشىلەر نەزمىلەرنى قايتا ـ قايتا يادلىمىسا ئۇنتۇپ كەتكەنىدەك، پەند ـ نەسىھەتكە ئېتىبارسىز قارىغان ئادەممۇ بۇرۇن يەكۈنلىگەن ساۋاقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بىر ئادەم ئەخلاق جەھەتتىكى تەلىم ـ تەربىيىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەندە، ئەخلاقتا ئىنتىلگەن چاغلىرىدا قەلبىدە پەيدا بولغان تەسىراتلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ؛ ھالبۇكى ئۇ بۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۈتۈۋېلىشقا ئېتىبار قىلمىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ھاراققا دۇم چۈشكەن ۋە مۇھەببەت قايىنمىغا چۆكۈپ قالغان كىشىلەر، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەم قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش جەھەتتە ئىلگىرىكىدەك سەگەك بولمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مۇھەببەت قايىنمىغا چۆكۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئىقتىسادچىل بولغان بولسا، مۇھەببەت قايىنمىغا چۆككەندىن كېيىن بۇ ئادىتىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ. ئۇلار بارلىق پۇل ـ پۇچەكلىرىنى خەجلەپ بولغاندا، ئۆزلىرى بۇرۇن نومۇس دەپ قاراپ قوللانمىغان پۇل تېپىش ۋاسىتىسىنى قوللىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، ئادەم بىر مەزگىل ئۆزىنى تۇتۇۋالالىسىمۇ، كېيىنچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىشى، بىر مەزگىل ھەققانىيەتچى بولسىمۇ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن. مېنىڭچە، شە-

رەپلىك ۋە ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى تاۋلىنىش ئارقىلىق ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئە- مەس. چۈنكى، روھ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسان ۋۇجۇدىغا ئاپىرىدە قىلىنغان ئارزۇ - ھەۋەس ئۆز تەلىپىنىڭ بەدەندە ئىمكانقەدەر بال- دۇر قاندۇرۇلۇشىنى كۆزلەپ، روھنى ھەمىشە غىدىقلاپ، ئۇنى ئۆ- زىنى تۇتۇۋېلىشتىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولىدۇ.

كرىتىئاس بىلەن ئالكىبىدىئاس سوقرات بىلەن بىللە بولغان چاغدا، سوقراتنىڭ ئېسىل پەزىلىتى تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنى تىزگىنلىيەلەيتتى، لېكىن سوقراتتىن ئايرىل- غاندا، كرىتىئاس سېتارلىئاغا بېرىۋېلىپ، شۇ يەردىكى ئالدامچىلار بىلەن دوست تارتىشىپ يۈرەتتى؛ ئالكىبىدىئاس ناھايىتى كېلىش- كەن ئادەم بولغاچقا، نۇرغۇن ئاياللار، ھەتتا خېلىلا يۇقىرى تەبىقە- دىكى ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا شەيدا ئىدى، ئۇنىڭ پولىس ۋە ئىتتىپا- پاقداش دۆلەتلەردە تەسىرى زور بولغاچقا، خۇشامەتچىلەر ئۇنىڭغا ھەدەپ خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى بۇلغايتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئاممىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئۇنى باش- قىلارغا قارىغاندا ئاسانلا ئەۋزەللىككە ئېرىشىدىغان ئىمتىيازغا ئى- گە قىلغانىدى. خۇددى بىر چېلىشچى ئۆزىنى باشقىلاردىن كۈچلۈك دەپ قاراپ، چېنىقىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەندەك، ئۇمۇ ئۆزىنى تۇ- تۇۋېلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئۇلارنىڭ تەلىيى شۇنداق ئوڭ، ئا- ئىلە كېلىپ چىقىشى ۋە ئورنى - مەرتىۋىسى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن بايلىق، ھوقۇق ئۇلارنى جاھانغا پاتمايدىغان ھاكاۋۇرلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئەخلاقسىز دوستلىرى ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پە- زىلىتىنى بۇلغىدى، ئاخىر ئۇلارنى ئەخلاق جەھەتتىن پۈتۈنلەي

ۋەيران قىلدى.

بىر سۇنايچى ياكى چىلتار مۇئەللىمى ۋە ياكى باشقا ھۈنەرنى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىقارغاندىن كېيىن، بۇ ئوقۇغۇچىلار يەنە باشقا ئوقۇتقۇچىدىن تەلىم ئېلىپ، ماھارەت جەھەتتە كەينىگە چېكىنىپ كەتسە، مۇشۇ چېكىنىش سەۋەبىدىن ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىقارغان ئوقۇتقۇچى ئەيىبلىنەمدۇ؟ قايسى ئاتا ئوغلى ياخشى ئادەمگە ئارىلىشىپ ئەخلاقلىق بولغاندىن كېيىن، يەنە باشقا ئادەم بىلەن ئارىلىشىپ ئەخلاقسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالسا، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنچىسىنى ئەيىبلەيدۇ؟ ئۇ ئوغلىنىڭ ئىككىنچى ئادەمگە ئارىلىشىپ ئەخلاقسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسا، بىرىنچى ئادەمنى ماختىماي تۇرالامدۇ؟



# سۆھبەت جەريانىدا پەزىلەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويماڭ

سىسېرو (رۇم)

تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر پرىنسىپ بار. بۇ پرىنسىپ، ھاياجانلانغانلىقنى، يەنى ئىدراكنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان زىيادە ھاياجانلىنىش ھالىتىنى ئىپادىلەپ قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. سۆھبەت جەريانىدا، غەزەپ، نەپسانىيەتچىلىك، پاسسىپلىق، سوغۇق مۇئامىلە ۋە بۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان كەيپىياتلارنى ئىپادىلەشكە بولمايدۇ.

ئەڭ مۇھىم تەرەپ شۇكى، بىر ئادەم باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۆزىنىڭ پەزىلەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىرەيلەن بىلەن چاقچاقلاشقان ياكى رەسمىي پاراڭلاشقاندا، باشقىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىشقا، ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاشقا ھېرىسمەن بولسا، ئۆزىنىڭ پەزىلەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن. بىز ئۆزىمىز بىلەن پاراڭلاشقان كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇلارنى ھۆرمەتلەشكىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوقراتنىڭ شاگىرتلىرى ئەڭ ياخشى ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ. سۆھبەتلىشىش جەريانىدا مۇنداق

شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك: چىقىشقاق بولۇش، ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالماسلىق؛ زېرەك، يۇمۇرىستىك بولۇش لازىم. سۆھبەتلەشكۈچى باشقا ئادەمنىڭ سۆھبەتكە قاتنىشىشىنى ھەرگىز توسماسلىقى كېرەك، ئەكسىچە، ئادەتتىكى سۆھبەتلەردە ھەممە ئادەم سۆز قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىلا، سۆھبەت ئادىل بولىدۇ دەپ قارىشى كېرەك.

بەزى سۆھبەتلەردە ئەيىبلىمىسە بولمايدىغان ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، تەلەپپۇزىمىز نىسبەتەن يۇقىرى بولۇشى، بەزى سۆزلىرىمىز قاتتىقراق ئېيتىلىشى، ھەتتا چىرايىمىزدا غەزەپ ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، بىز مۇشۇنداق ئەيىبلەشكە مۇراجىئەت قىلغاندا، خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى ئۆسمىنى ئېلىۋېتىۋاتقان ياكى يارا ئېغىزىنى داغلاۋاتقان تېۋىپلاردەك ئېھتىياتچان بولۇپ، يېنىكلىك قىلماسلىقىمىز، پەقەت ئەيىبلەشنىڭ ئازراق شەپىسىنى چىقىرىپ قويۇشىمىز لازىم، ئەگەر ئەيىبلەشتىن ساقلىنىشنىڭ بىرەر ئىمكانىيىتى بولسىلا، ئەيىبلەشتىن مەڭگۈ خالىي بولماق زۆرۈر. چىرايىمىزدا غەزەپ ئالامىتى پەيدا بولسا مەيلى، راست غەزەپلەنسەك بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەم غەزەپلەنگەندە ئادالەتسىز ياكى ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. مۇتلەق كۆپ چاغلاردا، مۇلايىملىق بىلەن ئەيىبلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز، لېكىن سۆزلىگەندە ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇشىمىز كېرەك، شۇنداق بولسا، سۆز كەسكىن ئېيتىلىسىمۇ، ھاقارەت تۇسىنى ئالغان سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بىز بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە قارشى تەرەپكە ياخشى بولسۇن دېگەن مەقسەتتە، قولاقفا ئانچە خۇش-

ياقمايدىغان سۆزلەرنى قىلغانلىقىمىزنىمۇ ئېنىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

بۇنىڭدىن سىرت، بىز قۇتۇلغىلى بولمايدىغان دۈشمەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالساقمۇ، ئۇلار بىزگە ھەرقانچە يولسىزلىق قىلىسىمۇ، ئۆزىمىزنى سالماق تۇتۇشىمىز، قەھر - غەزىپىمىزنى بېسىۋېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئادەم بەكرەك ھاياجانلىنىپ كەتكەندە، ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىنى ئوبدان ساقلىيالىشى ياكى ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ ماختىشىغا نائىل بولالىشى ناتايىن.

ئۆزىنى ماختاش (بولۇپمۇ ئۆز ئەمەلىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان ماختاش)، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدىغان پوچىلىقلارمۇ پەسكەشلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.



www.uyghurkitap.com

# ھەممە ئادەمگە ئىشىنىش، ھېچكىمگە ئىشەنمەسلىككە ئوخشاش خاتا

سېنېكا (رۇم)

ئەگەر سىز مەلۇم ئادەمگە ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەندەك ئىشەنمەي تۇرۇپ، يەنە ئۇنى دوستۇم دەپ قارىسىڭىز، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىسىز. بۇ، ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ مەنىسىنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەيدۇ.

سىز ھەممە ئىشلارنى دوستىڭىز بىلەن بىللە مۇھاكىمە قىلىشىڭىز كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمما، شۇنىڭدىن بۇرۇن كۆڭلىڭىزدە دوستىڭىزنىڭ ئۆزىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈڭ. سىز بىر ئادەمنى دوست تۇتقانىكەنسىز، ئۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىز شەرت؛ دوستلىشىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئېنىق باھا بېرىشىڭىز لازىم. بەزىلەر تائوۋفراستوسنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، بىر ئادەمنى دوست تۇتۇپ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ. مەلۇم بىرى بىلەن دوست بولۇشنى نىيەت قىلغانىكەنمىز، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن قارشى ئېلىشىمىز، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا، خۇددى ئۆزىمىز بىلەن پاراڭلاشقاندەك سەمىمىي، ئوچۇق بولۇشىمىز كېرەك. ھەممىلا ئىشنى سىر تۇتۇۋالساق، مەخپىيەتلىكنى دۈشمەنگە ئاسانلا ئاشكارىلاپ قويىمىز.

ئەمما، مەلۇم ئىشلارنى ئېيتىشتىن ساقلانمىسا بولمايدۇ، دوستىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغىنىڭىز پەقەت شەخسىي غەم - قايغۇڭىز ۋە پىكىر - خىيالىڭىز بولغىنى تۈزۈك. دوستىڭىزنى سادىقەتمەن دەپ قارىسىڭىزلا، ئۇنى ساداقەتمەن ئادەمگە ئايلاندۇرالايسىز. بەزىلەر ئالدىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ، بۇ خىل ئەندىشە ئادەمگە مۇشۇنداق ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى ئالداشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇلارنىڭ زىيادە گۇمانخورلۇقى باشقىلارغا ئۇلارنى ئالداش ھوقۇقىنى بېرىپ قويىدۇ. دوستلار بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا، مېنىڭ يوشۇرغۇدەك نېمەم بولسۇن؟ دوستلىرىم ئارىسىدا يۈرگىنىمدە، نېمىشقا ئۆزۈمنى تەنھا ھېس قىلغۇدەكمەن؟

بەزىلەر دوستىغا دېيىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى يات كىشىلەرگە دەيدۇ، ھەممىلا ئادەمگە خالىغانچە ئىچ - باغرىنى تۆكىدۇ؛ بەزىلەر بولسا شەخسىي سىرلىرىنى ئەڭ يېقىن دوستىغا ئېيتىشتىن نومۇس قىلىدۇ، مۇمكىن بولسا، قەلبىگە چوڭقۇر كۆمۈلۈپ كەتكەن سىرلىرىنى ھەتتا ئۆزىگىمۇ بىلدۈرۈشنى خالىمايدۇ. بىز بۇ ئىككى خىل ئادەمنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى دورىماسلىقىمىز لازىم. ھەممە ئادەمگە ئىشىنىش، ھېچكىمگە ئىشەنمەسلىككە ئوخشاشلا بىر ئىش، بۇنىڭ ئىككىلىسى خاتا (گەرچە بىرىنچى خىل پوزىتسىيىنى زىيادە ئالىيجانابلىق، ئىككىنچى خىل پوزىتسىيىنى زىيادە مۇتەئەسسىپ پوزىتسىيە دېيىش كېرەك بولسىمۇ).

دائىم ئالدىراش يۈرىدىغان ئادەم بىلەن ھەمىشە سۆرەلمىلىك قىلىدىغان ئادەمنى ئوخشاشلا تەرىپلەشكە ئەرزىمەيدۇ، بۇلارنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. چۈنكى، ئالدىراشلىق تىرىشچانلىق ئەمەس، ئۇ شوخشۇپ تۇرغان قەلبىنىڭ تىنچىماس ھاياتىي كۈچى، خالاس.

www.uyghurkitap.com

جىمى ھەرىكەتتىن بىزار بولۇشتەك روھىي كەيپىياتمۇ ھەقىقىي تىنچ كەيپىيات ئەمەس، بەلكى جۈرئەتسىز لايغەزەللىكتۇر. بۇ، مەن بىر كىتابتا تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغان مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى ئېسىمگە سالدى: «بەزىلەر قاراڭغۇ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا چىڭ تۈگۈلۈۋېلىپ، پارلاق قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان نەرسىلەرنىمۇ ئېنىق كۆرەلمەيدۇ». بىزگە لازىمى، يۇقىرىقى ئىككى خىل پوزىتسىيىنىڭ تەڭپۇڭ بىرىكىشىدۇر. تىرىشچان ئادەم ئىشنى تەمكىن، بىمالال قىلىشى، ھەرىكەت قىلىشنى خالىمايدىغان ئادەممۇ ھەرىكەتكە كېلىشى لازىم. قېنى، تەبىئەتتىن سوراپ بېقىڭ، ئۇ سىزگە: «مەن كۈندۈزنىمۇ، كېچىنىمۇ ياراتتىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.



# ئادەم قانچىلىك تالانتلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆگىنىشكە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

سوقرات(يۇنان)

ناھايىتى شاش، ھېچكىمگە بوي بەرمەيدىغان بىر نەسىللىك ئاتنى كىچىك ۋاقتىدىلا كۆندۈرسە، ئۇ ئەڭ ياخشى، ئەڭ كۈچلۈك تۇلپارغا ئايلىنىدۇ، ئەمما كۆندۈرۈلمىسە، باشقۇرغىلى بولمايدىغان قاشاڭ ھەم پايدىسى يوق نەرسىگە ئايلىنىدۇ، خالاس. نەسلى ئەڭ ئېسىل، ھارغىنلىقتا ئەڭ چىدايدىغان، ياۋايى ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەڭ ماھىر ئوۋ ئىتى ئوبدان تەربىيىلەنسە، ئوۋ ئوۋلاشقا ئەڭ مۇۋاپىق ھەم ئەڭ پايدىلىق نەرسىگە ئايلىنىدۇ، تەربىيىلەنمىسە، كېرەكسىز، غالجىر ئىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئاجايىپ تۇغما تالانتى بار، زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، نەتىجە يارىتىش ئېھتىماللىقى ئەڭ زور بولغان ئادەم تەربىيە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زادى قانداق قىلسا ھەقىقىي ئادەم بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتسە، ئۇ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ كېرەكلىك ئادەم بولالايدۇ، چۈنكى ئۇ ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى كاتتا نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. ئەمما، تەربىيە كۆرمەي، ئىقتىدارسىز - نادان بولۇپ قالسا، ئەڭ ناچار، ئەڭ زىيانلىق ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

چۈنكى، ئۇ نېمە ئىش قىلىشنى تاللىۋېلىش لازىملىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم. بەزىبىر يامان ئىشلارغا قول تىقىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۆستىگە، ناھايىتى تەكەببۇر، جاھىل، گەپ ئاڭلىمايدىغان بولغاچقا ھەم جىق، ھەم چوڭ يامان ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ.

يەنە پۇل ـ مېلىدىن ماختىنىپ، تەربىيىنىڭ لازىمى يوق، پۇل ـ مال بولسىلا ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز ئىشقا ئېشىپ، خەقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيمىز دەپ قارايدىغان ئادەملەرمۇ بار، مېنىڭ ئۇلارغا مۇنداق بىر گەپنى دېگۇم كېلىدۇ: ھاماقەت ئادەملەرلا، ئۇقۇمىسامۇ نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىش ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيمەن، دەپ قارايدۇ. يەنە ئاشۇ ھاماقەت ئادەملەرلا، ياخشى ـ يامانىنى پەرقلەندۈرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بايلىقىمىزغا تايىنىپ، ئۆزىمىز ئىنتىلىدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمىز ھەم ئۆزىمىزگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايمىز دەپ ئويلايدۇ. پەقەت ئەخمەق ئادەملا، ھاياتىمىنىڭ خۇشال ـ خۇرام، باياشات ئۆتۈشىگە تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم، شۇڭا ئۆزۈمگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلالمىسامۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، دەيدۇ. پەقەت يەنە شۇ ئەخمەق ئادەملا، ئىلىمنىڭ سۈنۈقىنى بىلمىسەممۇ، پۇل ـ مېلىم بولغاچقا، كىشىلەر مېنى بىلىملىك دەپ قارايدۇ، بىلىمىم بولمىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيمەن دېگەن خىيالدا بولىدۇ.

# شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ماختاش چېكتىن ئاشمىسۇن

## پلۇتاركۇس (يۇنان)

ھەقىقىي كامالەتكە يەتكەن ئادەم شۆھرەتنىڭ ئۆزىنى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىگە نائىل قىلىپ، ئىشلىرىدا ئۇتۇق قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتمىسا، قىلچىمۇ شۆھرەت قوغلاشمايدۇ. ئەمما، بىر ئادەم تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن ياش ۋاقتىدا شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە ماختىسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس (ئەگەر بۇ شۆھرەت ئالىيجاناب ئىش - ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى بولسا). چۈنكى، ياشلارنىڭ ئەمدىلا بىخلىنىشقا باشلىغان ئەخلاق - پەزىلەتتى كىشىلەرنىڭ ماختاشلىرى ئارقىلىق نورمال تەرەققىيات ئىچىدە مۇستەھكەملىنىدۇ، شۇنداقلا ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ تەرەققىياتى پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. لېكىن، چەكتىن ئېشىپ كەتسە، كەلتۈرىدىغان زىيىنىمۇ زور بولىدۇ؛ سىياسىي قارا نىيىتى بار كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەجەللىك يارىغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئادەملەر چوڭ ھوقۇققا ئېرىشكەندىن كېيىن، يۇكسەك قەدىر - قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنى شەرەپلىك دەپ ھېسابلىمايدۇ، پەقەت شەرەپلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى دەپلا ئويلاپ، نادانلىق ۋە تەلۋىلىك بىلەن قىلىنغان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالىدۇ.

شۆھرەتنى ھەددىدىن زىيادە نامايىش قىلىشىنىڭ ھەرقانداق پادىشاھ ياكى ھوقۇقدارنىڭ ئامىغا تەسىر قىلغان ئەڭ ئىشەنچسىز پاكىتى ئىكەنلىكىدە شەك يوقتەك قىلىدۇ. بۇ خىل نامايىش قىلىش ئۇسۇلى، تەسىرنىڭ بەلگىسى بولغان ئىشەنچتىن مەھرۇم قىلىدۇ. دانىشمەنلەر ئۆزلىرى ئۇچۇن تەييارلانغان ھەيكەل - ئابىدە، رەسىم، شەرەپ قامۇسى قاتارلىقلارغا كۆز قىرىنىمۇ سالمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى مۇھىم بىلىدۇ - دە، مۇشۇنىڭ سەمىمىيلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش نىيىتىگە كېلىدۇ ياكى بۇلارنى مەجبۇرىي قولغا كەلتۈرۈلگەن ھۆرمەت دەپ قاراپ، بۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەتتىكىدەك ئەھۋالدا، كىشىلەر ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەندە، ھۆرمەتنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ئادەملەرگە ئالدىنىپ كېتىدۇ، بۇ ئادەملەر يا ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ، يا ئۆزىنى ھۆرمەتلىگۈچىلەرنىڭ ئەركىن ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ.



## ئەقىللىق جەزمەن ئاقىل ئەمەس

سوقرات (يۇنان)

ئومۇمەن، ئەھمىيەتلىك، ياخشى ئىشلارنى بىلىدىغان ھەم قىلىدىغان، نىمىنىڭ شەرمەندە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قاتتىق ھوشيار تۇرىدىغان ئادەم ھەم ئەقىللىق، ھەم ئاقىل ئادەمدۇر. بىرەيلەن ئۇنىڭدىن، ئۆزىنىڭ قانداق ئىشنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئەكسىچە ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەمنى ئەقىللىق ھەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ئادەم دەپ قارامسىز دەپ سورىسا، ئۇ جەزمەن: «ھەرگىز ئۇنداق قارىمايمەن. بۇنداق ئادەم ھەم ئەقىلسىز، ھەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ئادەمدۇر، مېنىڭچە ھەم ئەقىللىق، ھەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ئادەملەر ئىمكانقەدەر ئۆزىگە ئەڭ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. شۇڭا، ناتوغرا ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم ھەم ئەقىللىق ئەمەس، ھەم ئاقىلمۇ ئەمەستۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھەققانىيەت ۋە باشقا ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەقىل ـ پاراسەتتۇر. چۈنكى، ھەققانىي ئىشلار ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتكە تولغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل بولىدۇ؛ ئومۇمەن، بۇنى تونۇپ يەتكەن ئادەم ھەرگىزمۇ رەزىل، پەسكەش ئىشلارنى تاللاشنى خالىمايدۇ؛ ئومۇمەن، بۇنى تونۇپ يەتمىگەن ئادەممۇ ئاشۇنداق ھەققانىي ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتكە تولغان ئىش ھەرىكەتلەرنى

ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتمەيدۇ، كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان تەقدىردى-مۇ، مەغلۇپ بولىدۇ. شۇڭا، ئەقىللىق ئادەملەر ھەمىشە گۈزەل ھەم ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، ھاماقەت ئادەملەرنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشى ناتايىن، ئۇلار قىلىشقا ئۇرۇنغان تەقدىردىمۇ، ئوخشاشلا مەغلۇپ بولىدۇ. ھەققانىي، گۈزەل ھەم ياخشى ئىشلار ئەخلاقىي ھەرىكەت بولغاندىكىن، ھەققانىي ئىشلار ۋە بارلىق ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەقىل ھېسابلىنىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ.

تەلۋىلىك، ئەقىلنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپى. ھالبۇكى بىر ئادەم ئۆزىنى تونۇماي تۇرۇپ، ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشلارنى ئەكسىچە چۈشەنسە ھەمدە بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنسە، بۇ ئۇنىڭ تەلۋىلىككە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر بىلمەيدىغان ئىشلار ئۈستىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەمنى تەلۋە دېمەيدۇ، بەلكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر بىلىدىغان ئىشلار ئۈستىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەمنى تەلۋە دەيدۇ. چۈنكى، ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بويىنى ناھايىتى ئېگىز دەپ ئويلاپ، شەھەر قوۋۇقىدىن كىرىپ - چىققاندىمۇ بېشىنى ئېگىۋالسا ياكى ئۆزىنى ناھايىتى كۈچلۈك ھېسابلاپ، ئۆيىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، ياكى قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئىنتىلسە، ئۇ سۆزسىز تەلۋە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر كىچىك ئىشلار ئۈستىدە خاتالىق سادىر قىلغان ئادەمنى تەلۋە دېمەيدۇ. ئۇلار خۇددى كۈچلۈك ھەۋەسنى مۇھەببەت دەۋالغانغا ئوخشاش، ئەقلىي جەھەتتىكى ئېغىر نورمالسىزلىقنىمۇ تەلۋىلىك دەۋالىدۇ.

# پۇل بېرىش ئارقىلىق سېخىيلىقنى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ

سىسېرو (رۇم)

باشقىلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىشنى ئىپادىلەشنىڭ ئىش قىلىپ بېرىش ۋە پۇل بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. پۇل بېرىش بىر قەدەر ئاسان، بولۇپمۇ پۇلدار كىشىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق؛ ئەمما ئىش قىلىپ بېرىش تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ كاتتا ئىش، ئۇ جەسۇر، ئالىيجاناب كىشىلەرگە تېخىمۇ لايىق كېلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدا باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئىستىكى ئەكس ئەتسىمۇ، لېكىن بىرىدە پۇل چىقىم قىلىنسا، يەنە بىرىدە زېھىن ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت سەرپ بولىدۇ. پۇل سەدىقە قىلىنسا، سېخىيلىقنىڭ مەنبەسى قۇرۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، سېخىيلىق سېخىيلىق خاتالىقنى سادىر قىلىدۇ، يەنى بىر ئادەمنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغان ئادەم قانچە كۆپ بولسا، ياردەم بەرگۈچىنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يىغقان پۇل ـ مېلى شۇنچە خورايدۇ. ئەمما، كىشىلەر ئىش قىلىپ بېرىش — يەنى باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قۇربىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىش جەھەتتە سېخىيلىق ۋە مېھىر ـ شەپقىتىنى ئىپادىلىسە، تۈرلۈك پايدىلىق تەرەپلەر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇلار ياردەم بېرىدىغان ئادەم كۆپەي-

گەنسىرى، ئۇلارنىڭ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدى-غانلارمۇ كۆپىيىدۇ؛ ئىككىنچىدىن؛ ئۇلار باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەچكە، ئاۋام ئۇچۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەر-گەندە، ئىشنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ پۇختا قىلىدۇ.

فىلىپ بىر پارچە خېتىدە، ئوغلى ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين)نىڭ پۇل بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: «سېنى مۇشۇنداق خىيالغا كەلتۈرگەن نەرسە زادى نېمە؟ سەن پۇل بىلەن ئۇلارنى سېتىۋالساڭ، ئۇلار ئالدىڭدا تىزلىنىپ، خوش ـ خوش دەپ تۇرارمۇ؟ سەن ماكېدونىيىلىكلەرنى سېنى ئۆزىنىڭ پادىشاھى ئەمەس، بەلكى مالىيە باشقۇرغۇچىسى ۋە غىزا ـ تائام بىلەن تەمىنلىگۈچىسى دەپ بىلىدىغان قىلىپ قويۇ-ماقچىمىدىڭ؟»

شۇڭا، بەزىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە تىرىشچانلىقىدا مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرغان بۇنداق سېخىيلىق تېخىمۇ قەدىرلىك، ئۇ ئۇيى-غۇن كېلىدىغان دائىرە تېخىمۇ كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرگە نەپ بېرەلەيدىغانلىقىغا قىل سىغمايدۇ. ئەمما، گاھى چاغلاردا پۇلنىمۇ بېرىشىمىز لازىم، بۇنداق سېخىيلىقنى ئۇزۇل ـ كېسىل چەتكە قېقىشقىمۇ بولمايدۇ. ياردەم بېرىشكە تې-گىشلىك نامرات كىشىلەرگە ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشىمىز، ئەمما چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىمىز لازىم. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر كەلسە ـ كەلمەس سەدىقە بەرگەچكە، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان مىراسلىرىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگەتتى. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى قىلىشنى ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلىۋاتقاندا، مىكمىيانىنى ئۆلتۈرۈپ

تۇخۇمىنى ئالىدىغان ئۇسۇلنى قوللانساق، ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنى قىلىپ بولغان تەقدىردىمۇ، كېيىنكى ئىشلارغا قۇربى يەتمەي تاشلاپ قويىدۇ، شۇڭا ئۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىش ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك بولىدۇ. كەلسە ـ كەلمەس سەدىقە بېرىش بۇلاڭچىلىقـ قىمۇ سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر كەلسە ـ كەلمەس سەدىقە بېرىش سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، بۇلاڭچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. سەدىقە ـ شەپقەت قىلىشتىكى مەقسەت باشقىلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش بولغاچقا، سەدىقە بېرىش ئۇچۇن بۇلاڭچىـ لىق قىلىشنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. چۈنكى، بۇلاپ كەلگەن پۇل ـ مالنى سەدىقە بەرگەن ئادەمنىڭ سەدىقە ئالغۇچىلاردىن ئېـ رىشكەن ئىززەت ـ ھۆرمىتى بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۇـ نىڭغا بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكىگە قىلچە دال بولالمايدۇ.



شۇڭا، ئادەم سېخىيلىقنى قىلىشقا تېگىشلىك جاغلاردا بىر تىيىنمۇ چىقارمايدىغان دەرىجىدە بېخىلمۇ بولماسلىقى، كۆرگەنلا ئادەمگە خالىغانچە سەدىقە بېرىدىغان دەرىجىدە سېخىيمۇ بولماسلىـ قى لازىم. سېخىيلىق قىلىشتا، يوقانغا بېقىپ يۇت ئۇزاتقان تۇـ زۇك. قىسقىسى، كىشىلەر ھەمىشە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، «سەدىقىنىڭ چېكى يوق» دېگەن سۆزنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز زۆرۈردۇر. چۈنكى، سەدىقە ئېلىپ كۆنۈپ قالغان ئادەملەر دائىم تەييارغا ھەييار بولۇشنى، داۋاملىق سەدىقىگە ئېرىشىشنىلا ئويلايـ دۇ، ئەزەلدىن سەدىقە ئالمايدىغان كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارغا ئوخشاشلا خەقتىن سەدىقە تەمە قىلىدۇ. شۇڭا، مۇـ شۇنداق ئادەملەر تۇرغان يەردە، سەدىقىنىڭ قانداقمۇ چېكى بولسۇن؟!

# ئادەم خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياشايدۇ

مارك ئاۋرېلىئۇ (رۇم)

سىز ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن تۇرغىڭىز كەلمىسىمۇ، ئىلاج-سىز تۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان چاغدا، كاللىڭىزغا مۇنداق خىيال كېلىدۇ: هازىر بىر كىشىلىك خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇۋاتىمەن، ناۋادا بىرىپ ئىشلىسەملا، شۇنى دەپلا يا-شىغان بولىمەن. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغان بولسام، يەنە نېمىدىن نارازى بولىمەن؟ مەن زادى ئىسسىق يوتقانغا ئورنىپ ئۇخلاش ئۈچۈنلا تۇغۇلغانمۇ؟ ئېھتىمال، سىز ئۇخلاشنى بىر قەدەر كۆڭۈللۈك دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق بولسا، يا-شاشتىكى مۇددىئايىڭىز ھەرىكەت قىلىش ۋە تىرىشىش ئەمەس، بەلكى خۇشاللىقنى ئىزدەشمۇ؟ ئاشۇ كىچىككىنە ئۆسۈملۈكلەر-نىڭ، قۇشلارنىڭ، چۈمۈلە، ئۆمۈچۈك، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ تىر-نىمىسىز ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى تو-لىمۇ تەرتىپلىك ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ باشقا ئا-دەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا رايىڭىز بولمىسا، كۆڭلىڭىز تارتىد-دىغان ئىشنى قىلسىڭىز بولامدۇ؟ ئېھتىمال، سىز يەنە دەم ئې-لىشمۇ مۇھىم دەرسىز. شۇنداق، دەم ئېلىش مۇھىم، ئەمما تەبىئەت بۇنىڭمۇ چېكىنى بېكىتىپ بەرگەن. ئۇ يەپ - ئىچىشنىڭ چېكىنى بېكىتكەن، لېكىن سىز بۇ چەكتىن ئېشىپ كەتتىڭىز. ھالبۇكى

قىلغان ئىشىڭىز ئۇنداق ئەمەس، ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ئىشنى قىلماي تۇرۇپلا توختاپ قالدىڭىز. سىز ئۆزىڭىزنى قەدىرلىمەيسىز، ئەگەر قەدىرلىسىڭىز، تەبىئىتىڭىزنى، ئىرادىڭىزنى قەدىرلىگەن بولاتتىڭىز. ئۆزىنىڭ ھونىرىنى قەدىرلەيدىغان، قىزغىن سۆيىدىغان ئادەملەر ئالدىراش ئىشلەپ ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ، ۋاقتىدا يۇيۇ-نالمايدۇ، تاماق يېيەلمەيدۇ؛ ھالبۇكى سىز ئۆزىڭىزنىڭ تەبىئىتىڭىزنى ھەتتا سېرىكچى سېرىك ماھارىتىنى، ئۇسسۇلچى ئۇسسۇل ماھارىتىنى، پولدار پۇلىنى ياكى شۆھرەتپەرەس ئازغىنا شۆھرىتىنى ھۆرمەت قىلغانچىلىكمۇ ھۆرمەت قىلمايسىز. ئۇلار بىرەر ئىشقا كۆڭلۈك ئىشتىياق باغلىغاندا، ئۇيقۇ ۋە غىزا ـ تائامدىن كېچىشكە رازىكى، ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزمىگۈچە ئۇ ئىشتىن قول ئۈزمەيدۇ. ۋەھالەنكى، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەر سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە قىلىشىڭىزغا ئەرزىمەيدىغان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئىشلارمۇ؟ 24

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# مەرتىۋەك قانچە ئۆسسە، بېشىڭنى شۇنچە تۆۋەن سېلىپ ماڭ

سىسېرو (رۇم)

تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز ئىشقا ئاشـ قاندا، ھەرگىزمۇ مەغرۇرلىنىپ، خۇدىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇتۇق قازانغاندا كۆرەڭلەپ كېتىش بىلەن پالاكەتكەن يولۇققاندا روھى سۇنۇپ ھەسرەت چېكىشتەك كەيپىياتنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر خىل ئاجىزلىق ۋە يۈزەكىيلىكنىڭ ئىپادىسى. ھالبۇكى ھەرقانداق ئەھۋالدا يۇرۇش - تۇرۇش، گەپ - سۆز، ھېسسىيات جەھەتتە خاتىرجەم، سالماق، مۇقىم ھالەتنى ساقلاش تولىمۇ ياخشى ئىش. تارىخ بىزگە سوقرات بىلەن گايۇسنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى ئۇقتۇردى. مېنىڭچە، ماكېدونىيىنىڭ پادشاھى فىلىپ تۆھپە - نەتىجە ۋە نام - شۆھرەت جەھەتتە ئوغلى ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) غا يەتمىسىمۇ، كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، سىلىق - سىپايىلىك جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. شۇڭا، فىلىپ مەڭگۈ ئۇلۇغ سانىلىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئالېكساندىرنى بەك رەزىل دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بىرەيلەن ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن: «مەرتىۋەڭ قانچە ئۆسسە، بېشىڭنى شۇنچە تۆۋەن سېلىپ ماڭ» دېگەن نەسىھەتنى ئوتتۇرىغا قويغان. پانېتىئوسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ شاگىرتى ۋە

دوستى ئافرىگانولىس دائىم: «ئات جەڭگە تولا قاتنىشىپ قاشاڭ، بويسۇنماس بولۇپ قالغاندا، ئاتنىڭ ئىگىسى ئۇنى ياۋاش، ئىتائەتچان قىلىش ئۈچۈن، ئات كۆندۈرگۈچىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؛ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەملەر ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تەمەننا قويۇپ، تەكەببۇر ھەم ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغاندا، تەربىيە ۋە پەند ـ نەسىھەت ئارقىلىق، ئۇلارغا تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئۆز ـ گىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك» دەيدىكەن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، بىز قانچە ئۇتۇق قازانساق، دوستلىرىـ مىزنىڭ سەممىي نەسىھىتى، پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاشقا شۇنـ چە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بۇنداق ۋاقىتتا، كاللىمىزنى سەـ گەك تۇتۇپ، خۇشامەتچىلەرنىڭ شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىگە قۇلاق سالماسلىقىمىز، ئالدانماسلىقىمىز زۆرۈر. چۈنكى، ئادەم مۇشۇنداق چاغدا ئۆزىنى ئاسانلا ئالداپ قويىدۇ ھەمدە ماختاشقا تامامەن لايىق كېلىمەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ ئاسارىتىدە قالغان ئادەمنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن خاتا تۇيغۇلار پەيدا بولىدۇ، بۇ چاغدا ئادەم ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، ئاجايىپ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆز ـ ئۆزىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، خالايىقنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ.



# گۇمانخور بولما، بولساڭ چاندۇرما

## بېكون (ئەنگلىيە)

گۇمانخورلۇق خۇددى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان شەپەرەڭگە ئوخشايدۇ، ئۇ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئەقىل - ئىدراكىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق كەيپىيات سىزنى گاڭ - گىرىتىپ، دوست - دۈشمەننى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىدىغان قىلىپ قو - يۇپ، ئاخىرىدا ئىشلىرىڭىزنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ.

گۇمانخورلۇق پادىشاھلارنى رەھىمسىز، ئەرلەرنى كۈنلەمچى، دانىشمەنلەرنى تەدبىرسىز قىلىپ قويىدۇ.

ئادەمنىڭ گۇمانخور بولۇشىغا ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقى ئەمەس، بەلكى ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ناھايىتى جەسۇر ۋە كەسكىن ئادەملەرمۇ گاھىدا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ھېنرى VII دەل مۇشۇ خىلدىكى ئادەم - دۇر. دۇنيادا ئۇنىڭدەك جەسۇر ۋە كەسكىن ئادەممۇ، ئۇنىڭدەك گۇ - مانخور ئادەممۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدا دەل جە - سۇر ۋە كەسكىن خاراكتېر بولغاچقا، گۇمانخورلۇقنىڭ ئۇنىڭغا كەلتۈرگەن زىيىنى ئانچە زور بولمىغان. چۈنكى، ئۇ بىرەر نەرسە - دىن گۇمانلانغاندا، گۇماننىڭ توغرىلىقىغا ئالدىراپ ئىشەنمەيتتى. ھالبۇكى قورقۇنچاق، نادان ئادەملەردە تۇغۇلغان گۇ - مان، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى دەرھال توختىتىشىغا سەۋەب بو -

لۇشى مۇمكىن. شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولماسلىقى گۇماننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆپرەك چۈشىنىش، گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر. دېمىسىمۇ، كىشىلەر نېمىنى قوغلىشىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئەۋلىيا بولۇشى كېرەك دەپ ئويلامدۇ؟ باشقىلارنى ئۆز پايدا - مەنپەئىتىنى قوغلىشىشتىن قول ئۈزۈشى كېرەك دەپ ھېسابلامدۇ؟

سىز دە گۇمان پەيدا بولغاندا، يەنىلا ئېھتىياتچان بولۇڭ، لېكىن چاندۇرۇپ قويماڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، گۇمانىڭىز توغرا بولۇپ چىققاندا، ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولغاچقا، ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمايسىز؛ خاتا بولۇپ چىققاندا، ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىشتىن ساقلىنالايسىز.

باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، گۇمانخورلۇق قىلىشتىن بەكرەك ھەزەر ئەيلەش لازىم. چۈنكى، بۇنداق سۆزلەرگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتەك يامان غەرەز يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. ئىمكان يار بەرسە، سىز گۇمان قىلغان ئادەم بىلەن سەمىمىي، ئەتراپلىق سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، گۇمانىڭىزنى كۆڭلىڭىزدىن كۆتۈرۈۋەتكىنىڭىز ياكى گۇمانىڭىزنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئىسپاتلىغىنىڭىز ئەۋزەل. لېكىن، ئىپلاس، چاكىنا ئادەملەرگە بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشنىڭ پايدىسى يوق. چۈنكى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپلا قالسا، تېخىمۇ كۆپ سەپسەتىلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

ئىتالىيىلىكلەردە:«خەقنىڭ گۇماننى قوزغىغان ئادەمنىڭ

ساداقەتمەن بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن بىر سۆز بار. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق دېيىش خاتا، ئادەم باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغىغاندا، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پاك، ساداقەتمەنلىكىنى ئىسپاتلىشى كېرەك.

# ئالدامچىلار خۇراپاتلىق ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىدۇ

### گولباخ (فرانسىيە)

ئادەمنىڭ كاللىسى بىر پارچە مومغا ئوخشايدۇ، بولۇپمۇ بالىلىق چاغلاردا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭدا ئادەم ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان بارلىق ئۇقۇملارنىڭ ئىزناسى ساقلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىشەنچ - ئېتىقادىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك تەربىيىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك؛ ئادەمدە مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى يېتىلىشتىن بۇرۇنلا مۇشۇنداق ئىشەنچ - ئېتىقادلار پەيدا بولىدۇ. بىزنىڭچە، بالىلىق چاغلىرىمىزدا ئېرىشكەن راست - يالغان ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزدە ئەزەلدىن بار نەرسە، يەنى ئۇلار بىز بىلەن تەڭلا ئاپىرىدە بولغان؛ ھالبۇكى بۇ ئىشەنچ - ئېتىقادلار تۈرلۈك خاتالىقلىرىمىزنىڭ ئاساسىي مەنبەسىدۇر.

بىر تەرەپلىمىلىك تەربىيىچىلىرىمىزنىڭ كۆز قارىشىنى جاھىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. بىز ئۇلارنى بىر قەدەر ئەقىللىق ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن بىلىملىرىگە چوڭقۇر ئىشىنىمىز. ئۇلار ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ھاجىتىمىز چۈشكەن ھالقىلىق پەيتلەردە بىزگە كۆڭۈل

بۆلگەچكە، ئۇلارنىڭ بىزنى ئالدىمايدىغانلىقىدىن قىلچە شۇبھىلەنمەيمىز. مانا بۇ، تەربىيىچىلىرىمىزنىڭ زىيانلىق تەلىم - تەربىيىلىرىگە ئاساسەن كاللىمىزدا سانسىز خاتا قاراشلارنى شەكىللەندۇرۇۋېلىشىمىزغا سەۋەب بولىدىغان ئامىلدۇر؛ بۇ ئامىل ئۆزىمىزنىڭ چۈشەنچىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى چەكلەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىمىزنى يوقىتىشقا تۇرتكە بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئىشەنچىمىزنى ئېخىمۇ چىڭىتىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا مەلۇم سۆز - جۈملىلەرنى ئاڭلىغاندا قورقۇپ تىترەپ كېتىشكە ئادەتلەنگەن بولسا، ئۇنىڭدا مۇشۇ سۆز - جۈملىلەرنى ئاڭلاش ۋە قورقۇنچىنى ھېس قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئۆزىدە قورقۇنچ، ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان ئادەمگە بەكرەك ئىشىنىشكە رازىكى، لېكىن ئۆزىگە تەسەللى بەرمەكچى بولغان ئادەمگە ئىشىنىشنى خالىمايدۇ. خۇراپىي ئادەم ۋەھىمىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى شۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەم ھېچقانداق ئىشتىن مۇشۇ ۋەھىمىنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك ئەنسىرىمەيدۇ.

كىشىلەر يالغان بىمارلاردۇر، دەل مۇشۇ يالغان بىمارلارنىڭ نادانلىقى يارىماس دورىلىرىغا خېرىدار ئىزدەش كويىدا بولۇۋاتقان مەنپەئەتپەرەس ئالدامچىلارنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى قوللىشىغا ئېرىشمەكتە. كىشىلەر پىرىخون - باخشىلارنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنىشكە رازىكى، ياشاشنىڭ توغرا قائىدە - قانۇنىيىتىنى ۋە تەبىئەتنىڭ قۇدرىتىنى تونۇشتۇرغان ئادەمگە ئىشىنىشنى ئەسلا خالىمايدۇ.

## پوچىلىق مەڭگۈلۈك لەنىتكە مەھكۇمدۇر

### ئارىستوتېل (يۇنان)

پوچى ئادەم ئۆزىنى نام ـ ئاتىقى زور ئادەم دەپ ھېسابلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ياكى پو ئاتقىنىدەك ئۇنچىۋالا زور ئەمەس. كەمتەر ئادەم ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەممە نام ـ ئاتىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ياكى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەم سەممىي، دۇرۇس ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم مەيلى تۇرمۇش ياكى باشقا جەھەتلەردە بولسۇن، ئۆز ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىدۇ، ئۆزىنى ئۇچۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ، چۆكۈرۈپمۇ كەتمەيدۇ. بۇ ئىككى خىل ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارمۇ ھەم قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىسە، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەلىپى بىردەك بولىدۇ. قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قولۇمدىن كېلىدۇ دەپ، ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىش چاكىنا، رەزىل ئادەتتۇر، ئەمما سەممىيلىك بولسا ئالىيجانابلىقتۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سەممىي ئادەم ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپمۇ كەتمەيدىغان، زىيادە كەمتەرلىك قىلىپ، نام ـ ئاتاق، ئەجىر ـ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلمايدىغان ياكى كىچىكلىتىپ كۆرسەتمەيدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلالايمەن دەپ پو ئېتىشمۇ، ئۆزىنى زىيادە كەمتەر

كۆرسىتىپ، نام ـ ئاتاق، ئەجىر ـ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىش يا ـ كى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىشمۇ ئوخشاشلا ساختىپەزلىك، رەزىل ـ لىك، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلالايمەن دەپ پو ئېتىش تې ـ خىمۇ رەزىللىكتۇر.

بىز دەۋاتقان سەمىمىيلىك سودا ـ سېتىقتىكى سەمىمىيلىك ئەمەس، ئۇ ئادىللىق ۋە ئادالەتسىزلىككىمۇ ياتمايدۇ (باشقا بىر خىل ئەخلاقىقا مەنسۇپ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنداق سەمى ـ مىيلىك گەپ ـ سۆز ۋە تۇرمۇشتا شەخسىي پەزىلەتكە ياتقاچقا، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىش بىلەن ئالاقىدار بولمايدۇ. تۆۋەندە تىلغا ئېلىنغانغا ئوخشاش ئادەم تۈز كۆڭۈل، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشلاردا سەمىمىي بول ـ دۇ، زور پەرقلىنىدىغان ئىشلاردا تېخىمۇ سەمىمىي بولىدۇ، ساخ ـ تىپەزلىككە لەنەت ياغدۇرىدۇ. بۇنداق ئادەم ھۆرمەتكە لايىق ئادەم ـ دۇر، ئۇ بەزىدە ھەقىقەتتىن سەل ـ پەل يىراقلاپ كېتىدۇ، بۇنىڭغا كۆپ ھاللاردا يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمەسلىك سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆلچەم تۇيغۇسىنىڭ بىر قەدەر ياخشىلىقىنى چۈشەندۈرى ـ دۇ، چۈنكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئۆزى رەزىللىكتۇر.

ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ پو ئاتىدىغان ئادەم، قىلالمىغان ئىشلارنى يالغاندىن قىلدىم دەۋالسا، بۇ يىر ـ گىنچلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر نام ـ شۆھرەت قوغلىشىپ قىلغان ئىشىنى كۆز ـ كۆز قىلسا، ھەر ھالدا بۇ يىرگىنچلىك ئىش ھېسابلانمايدۇ، لېكىن پۇل ـ پۇچەك ياكى پۇلغا ئالماشتۇر ـ غىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلسا، ئۇ چاغدا بۇ تولىمۇ يىرگىنچلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ئادەم مەقسەتسىز ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك پو ئاتىدۇ. ساختىپەز

ئادەملەرنىڭ بەزىسى ساختىپەزلىكنىڭ ئۆزىگە ھەۋەس قىلىدۇ، بەزىسى نام - شۆھرەت ۋە نەتىجە قوغلىشىدۇ. نام - شۆھرەتنى پەش قىلىپ پو ئاتىدىغان ئادەم پەزىلەتلىك ۋە ئابرۇيلۇق قىياپەتكە كىرىۋالسا، نەتىجىسىنى پەش قىلىپ پو ئاتىدىغان ئادەم يۇرتداشلىرىغا مېھىر - شەپقەت ياغدۇرىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئۇلار قولۇمدىن كېلىدۇ، دەپ لاپ ئۇرغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ، مەسىلەن ئالدىن بىلەرلىكى، دانالىقى، تېبابەتچىلىككە ماھىرلىقى قاتارلىقلارنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ناھايىتى قىيىن. دەل شۇ سەۋەبتىن، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنداق كارامىتىم بار، بۇنداق ماھارىتىم بار، دەپ ئۆزىنى ماختايدۇ.

كەمتەر ئادەملەر ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى كەمسىتىدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى قارىماققا تولىمۇ ئېسىل تۇيۇلىدۇ، ئۇلار قانداقتۇر بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى خالىمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمىغانلىقتىن شۇنداق قىلىدۇ، ھالبۇكى دەل شۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرى ۋاز كەچكەن ئەڭ كاتتا شان - شۆھرەتكە نائىل بولىدۇ. مەسىلەن، سوقرات شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرىدۇر. بەزىلەر ھەتتا ئەرزىمەس، يوقىلاڭ ئىشلارنىمۇ ئىنكار قىلىپ، ئالدامچى ئاتىلىدۇ، بۇلار ئەڭ شەرمەندە ئادەملەردۇر. كەمتەرلىك گاھىدا مۇبالىغىگە ئوخشاپ قالىدۇ، چۈنكى مەلۇم نەرسىنى زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىش ۋە زىيادە چۈكۈرۈۋېتىش ئوخشاشلا مۇبالىغە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ھەمىشە يۈز بەرمەيدىغان ھەم خاتالىقى ئېنىق بولمىغان ئىشلارنى مۇۋاپىق ئىنكار قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ.

قارىغاندا، پوچىلىق سەمىمىيلىك بىلەن قارىمۇ قارشىدەك قىلىدۇ، ئۇ ئىنتايىن ناچار ئادەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۆزنى ئوبدان تاللاپ قىل، تاللىمساڭ سەن غاپىل

شەمسۇلمائالى قابۇس (پارس)

باشقىلار بىلەن پاراڭ سېلىشقاندا، يېقىملىق، گۈزەل، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش، يالغان گەپ قىلماسلىق ھەممە ئادەمگە ۋاجىپتۇر. شۇڭا، سۆز قىلغاندا، يېقىملىق، گۈزەل، ياخشى سۆزلەرنى تاللاپ قىل، بىر ئېغىزمۇ يالغان سۆزلىمە، ئەل ئىچىدە راست گەپ قىلىدۇ دېگەن نامىڭ چىقسۇن. شۇنداق بولسا، نائىلاج يالغان سۆزلەپ قالغان چاغلىرىڭدا، كىشىلەر سېنى ئەپۇ قىلىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى دېمەكچى بولساڭ، راست گەپ، راست ئىشلارنى ئېيتىشىڭ كېرەك. ئەمما، يالغان گەپكە ئوخشايدىغان راست گەپلەرنى قىلما، چۈنكى يالغان گەپكە ئوخشايدىغان راست گەپ، ھەتتا راست گەپكە ئوخشايدىغان يالغان گەپكىمۇ يېتەلمەيدۇ، كىشىلەر راست گەپكە ئوخشايدىغان يالغان گەپلەرنى راست دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئەمما يالغان گەپكە ئوخشايدىغان راست گەپلەرگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. يەنە شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، راست، لېكىن كىشىلەرنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان گەپلەرنىمۇ ھەرگىز قىلىپ سالما.

سۆز مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، خەقنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان ھەم ئېيتىشقا بولمايدىغان سۆز؛ يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ

چۈشىنىشكە ناتىل بولىدىغان ھەم ئېيتىشقا بولىدىغان سۆز؛ يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ناتىل بولمىسىمۇ، ئېيتىشقا بولىدىغان سۆز؛ يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ناتىل بولمىسىمۇ، ئېيتىشقا بولمايدىغان سۆز.

خەقنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان ھەم ئېيتىشقا بولمايدىغان سۆز، ئىشەنچ ـ ئېتىقادقا زىيان يەتكۈزىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەر چۈشەنمىسىمۇ، ئېيتىشقا بولىدىغان سۆز مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايانلار، پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئالىملارنىڭ قۇرئاندىكى سۆزلەرنىڭ ئىچكى مەنىسى ۋە ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش جەھەتتىكى ئىختىلاپلىرى ھەمدە بۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم ئۇلۇغ ئاللانىڭ ۋەھىيسىگە ئېرىشەي تۇرۇپ، قۇرئاندىكى ئىچكى مەنىلەرنى شەرھلەشكە ماھىر بولالمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ناتىل بولىدىغان ھەم ئېيتىشقا بولىدىغان سۆز ئېتىقادقا ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، سۆزلىگۈچىگىمۇ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ پايدىلىق بولغان، باقىي ۋە پانىي ئالەمدە ئاقىدىغان سۆزنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ناتىل بولسىمۇ، ئېيتىشقا بولمايدىغان سۆز، دوست ـ يارانلار ۋە ئەدىبلەر ئەمەلىيەتكىمۇ، دىنىي ئەھكامغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ سىرنى ئەيىبلىشىگە سەۋەب بولىدىغان سۆزنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇنداق سۆزنى ئېيتساڭ، ئەدىبلەرنىڭ غەزىپى كېلىدۇ، دوستلار ئازابلىنىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاكارلار قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

بۇ تۆت تۇرلۇك سۆزنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە نائىل بولىدىغان ھەم ئېيتىشقا بولىدىغان سۆز. ئەمما، بۇنداق سۆز ئېيتىلسا، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يامان تەرەپىمۇ بولىدۇ. ئوخشاش بىر ئېغىز سۆزنى ئادەتتىكى ئادەملەر ناھايىتى ياخشى دەپ قاراپ، ماقۇل كۆرۈشى مۇمكىن، لېكىن ئورۇن ـ مەرتىۋىسى يۇقىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ياقتۇرمايدۇ.

ئەربلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، يېقىملىق، گۈزەل، ياخشى سۆزلەرنى تاللاپ قىلىدىغان ئادەملەر «تىلىنىڭ ئاستىدا سىر ساقلايدۇ». چۈنكى، ئوخشاش بىر ئىش مەلۇم ئۇسۇلدا ئىپادىلەنسە، كىشىلەرنى خۇشال قىلىدۇ، لېكىن باشقىچە ئۇسۇلدا ئىپادىلەنسە، كىشىلەرنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ ۋە غەزەپلەندۈرىدۇ.

تىل ئىجابىي ۋە سەلبىي ئۈنۈمنى پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا ئادەم سۆزلىگەندە ئەڭ ياخشى ئۈنۈم پەيدا قىلىشقا كۈچىشى، مەقسىتىنى كىشىلەرنىڭ دىتىغا ياقىدىغان ئۇسۇل بىلەن ئېنىق ئىپادىلىشى كېرەك. نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەپ، ئۇنىڭ مۇۋاپىق بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن ھېسابلاشمىسا، بۇنداق ئادەم سايراشنىلا بىلىپ نېمە دەپ سايرىغىنىنى بىلمەيدىغان قۇشتىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ. قانداق سۆزلەشنى، نېمىشقا شۇنداق سۆزلىمەكچى بولغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم ئەقىللىق ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نېمە دېسە، ھەممەيلەن چۈشىنىدۇ، قوبۇل قىلىدۇ. ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگەن ئادەم ھايۋاندىن پەرقلەنمەيدۇ.

تىلنى ئاللا ئاتا قىلغان، ئۇنى قەدىرلىمەك ۋاجىپتۇر. سۆزلەشكە تېگىشلىك بولسا، ئەزمىسىنى ئەزمەي، دادىل سۆزلەش،

سۆزلەشكە تېگىشلىك بولمىسا، زوۋان سورمەسلىك، بىلەرمەنلىك قىلماسلىق لازىم. ئەمما، سۆز ئەمەلىي، ئىشەنچلىك بولسۇن. ئۇزۇن، تېتىقسىز ھەم تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال بولمىسۇن. ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ئىشلار ھەققىدە قارىغۇلارچە سۆزلەشكە بولمايدۇ. بىرەر بىلىم ياكى ھۈنەر ـ كەسىپنى پىششىق ئىگىلىمەي تۇرۇپ، جان باقتىلىق قىلماسلىق كېرەك. ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ئىشلارنى زورمۇزور قىلغاندا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىمكانقەدەر ئەھۋالنى كۆپرەك چۈشىنىپ، قاراشلىرىڭنى ئاززاق ئوتتۇرىغا قوي. بىلىدىغانلىرىڭ ئاز تۇرۇپ، خىيالىڭغا كەلگەننى دەۋەرمە. كىشىلەر دائىم: «سۈكۈت قىلىش ـ ئاقىلنىڭ ئىشى، ماختانچاقلىق ـ غاپىلنىڭ ئىشى» دەيدۇ. بىلىدىغانلىرى كۆپ، مەلۇماتى يۇقىرى بىر ئادەم ئاغزىغا كەلگەننى ئايىماي دەۋەرسە، كىشىلەر ئۇنى ئاقىل ھېسابلىمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىرى ئاز، مەلۇماتى يۇقىرى بولمىسىمۇ، گەپنى ئاز ھەم ئېھتىيات بىلەن قىلسا، كىشىلەر ئۇنى ئاقىل دەپ ئويلايدۇ.

گەپنى قىلىدىغان چاغدا قىل، لېكىن قالايمىقان بىلجىرلىما. چۈنكى، قالايمىقان بىلجىرلاش سەللا ئېشىپ كەتسە، ساراڭنىڭ گېپىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مەيلى كىم بىلەن سۆھبەتلىشىشىڭدىن قەتئىينەزەر، سۆزۈڭنىڭ جايىدا بولغان ـ بولمىغانلىقى، باشقىلارنىڭ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىغا دىققەت قىل. ئەگەر ئۇ جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىسا، سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇر. ئۇنداق بولمىسا، تىلىڭنى يىغ. قىسقىسى، سۆزلىگىنىڭ قۇلاققا ياقىدىغان، ئاڭلىغۇ-

چىدا ئەكس تەسىر پەيدا قىلمايدىغان بولسۇن. يەنى: «ئەلگە كىر-سەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەننى ئەمەلدە كۆرسە-تىپ، ئوخشىمىغان ئادەملەرگە ئوخشىمىغان ئۇسۇل، تەلەپپۇزدا سۆزلە. كاللىسى سەگەك، ئاقىل ئادەم بولساڭ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان قائىدىلەرنى ئەمەلدە ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگىن، ئادەمگە قاراپ ئىش تۇت.

بۇنىڭدىن سىرت، باشقىلارنىڭ سۆزىنىمۇ زېرىكمەي ـ تېرىك-مەي سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلا. چۈنكى، ئۆزگىدىن ئۆگىنىشكە ما-ھىر بولمىساڭ، سۆزگىمۇ ماھىر بولالمايسەن. ئۇنداق قىلمىساڭ، خۇددى يەر ئاستى ئۆيدە بېقىلغان بالىغا ئوخشاپ قالىسەن. بىر بوۋاق تۇغۇلۇشىغىلا ئۇنى يەر ئاستى ئۆيگە ئەكىرىپ، ھەرقانچە پە-پىلەپ بېقىپ، ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىسا، ئۇنى ئەركە-لەتمىسە، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن جەزمەن گاچا بولۇپ قېلىپ، كىشىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش جەريانىنىڭ ئۆزى ئۆگىنىش جەريانىدۇر. تۇغما گاس ئادەمنىڭ گاچا بولۇشى ئېنىق، بۇ بارلىق گاچىلارنىڭ ھەم-مىسى گاس بولىدۇ دېگەن قائىدىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشىڭ، دانىشمەن خان ـ پادىشاھ ۋە ئەدىب ـ ئاقىللارنىڭ تەلىمىنى ئەستە چىڭ تۇتۇشۇڭ زۆرۈردۇر. ئۇلار: «ئاقىللار ۋە پادىشاھلارنىڭ تەلىمى ئادەمنىڭ قەلب كۆزىنى نۇرلاندۇرىدۇ، پەلسەپە دەل قەلب كۆزىنى داۋالايدىغان شىپالىق مەلھەمدۇر» دېگەن. سەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى قەلب قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا شەكسىز ئىشەن.

# بىلىمى تولۇق ھېچنېمە، ئىقتىدارسىز بار دېمە

## سوقرات (يۇنان)

ئومۇمەن، مەلۇم جەھەتتە ئىقتىدار ـ ئارتۇقچىلىقى بار بولۇشنى ئويلىغان ئادەم قۇربىنىڭ يېتىشچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنى ھەقىقىي ئىقتىدار ـ ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئادەمگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. بىر ئادەم ئۆزى ئۇنداق بولماي تۇرۇپ، شۇنداق ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالسا، جەزمەن باشقىلارنىڭ مەسخىرىدىسىگە قېلىپ، ئۆزىگە نۇرغۇن پالاكەتلەرنى تېپىۋالىدۇ، يەنە تېخى دۆلەتكىمۇ ھاقارەت، زىيانلارنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

كۆڭلىدە ئويلىغاندەك ھەقىقىي ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئادەمگە ئايلىنىش، شان ـ شەرەپتىن نەچچە ھەسسە ئەۋزەلدۇر.

ئويلاپ كۆرەيلى، نەينى ئوبدان چالالمايدىغان ئادەم ئۆزىنى نەي چېلىشقا ماھىر ئادەم قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇنىڭ نەي چېلىشقا ئۇستا ئادەملەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى دورىشى زۆرۈر ئەمەسمۇ؟ ئالدى بىلەن، نەي چالىدىغان ئادەم يۇزۇر كىيىملەرنى كىيگەچكە ھەمدە نەگىلا بارسا بىر توپ ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەچكە، ئۇمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك؛ نەي چېلىشقا ئۇستا ئادەملەرنىڭ ئالقىش ياغدۇرۇپ چۇقان ـ سۈرەن سالىدىغان ئادەملىرى بولغاچقا، ئۇمۇ شۇنداق ئالقىشچىلارنى تېپىد-

شى شەرت؛ ئەمما، ئۇ نەي چېلىپ ئۆيۈن كۆرسەتسە بولمايدۇ. شۇنداق قىلسىلا، كىشىلەرنىڭ قاتتىق مەسخىرىسىگە قېلىپ، نومۇسسىز، تەلۋە پوچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ شۇنچىۋالا پۇل خەجلەپمۇ بىرەر نەپكە ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تىل ـ ئاھانەتكە قېلىپ، تۇرمۇشنى ئېغىر، مەنىسىز، كۆلكىلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئوخشاشلا، بىر ئادەم تەدبىرلىك قوماندان ياكى تەجرىبىلىك كاپىتان ئەمەس تۇرۇپ، ئۆزىنى تەدبىرلىك قوماندان ياكى تەجرىبىلىك كاپىتان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ قانداق ئەھۋالغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. ئۇ ئۆزىدە شۇنداق ئىقتىدارنىڭ بارلىقىنى تۇرلۇك ئۇسۇل ـ چارە، تىرىشچانلىق بىلەن ئىپادىلەشكە ئۇرۇنسىمۇ، يەنىلا كىشىلەرنى ئىشەندۈرەلمىسە، بۇنىڭدىن ئەلەم، خورلۇق ھېس قىلماسمۇ؟ ناۋادا ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىپ، تىرىشچانلىقى روياپقا چىقىپ قالسا، بۇ ئۇتۇق ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلمەسمۇ؟ چۈنكى، شۇ تەرىپى ناھايىتى روشەنكى، زۆرۈر بولغان بىلىم ـ قابىلىيەتتىن خەۋەرسىز ئادەم بىر قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ياكى بىر كېمىگە يول باشلاشقا قويۇلسا، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ھالاكەتتىن باشقا ھېچنېمە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى چەكسىز نومۇس ۋە ئازابقا قويىدۇ.

بىز يەنە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بۇنى ئىسپاتلاپ باقايلى: نامرات، جۈرئەتسىز، كۈچ ـ قۇدرىتى يوق ئادەمنىڭ ئۆزىنى باي، جەسۇر، كۈچلۈك ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشى قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق ئىشتۇر. كىشىلەر ئۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ۋەزىپىنى مەجبۇرىي ئۇنىڭغا يۈكلىسە، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيال-

مىسا، ئۇنى ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ. شېرىن ـ شېكەر سۆزلەر بىلەن باشقىلاردىن پۇل ـ مال ئۆتنە ئېلىپ قايتۇرمايدىغان ئادەم چوڭ ئالدامچى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ھېچقانداق ئىقتىدار ـ قابىلىيىتى يوق تۇرۇپ، ئالدامچىلىق ۋاسىتىسى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ دۆلەت باشقۇرغۇدەك ئىقتىدارى بارلىقىغا ئىشەندۈرگەن ئادەم ئەڭ چوڭ ئالدامچىدۇر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئۆزىنى قالتىس چاغلاش ـ بىمەنىلىك

## مونتەينى (فرانسىيە)

مەن بەزىلەرنىڭ ئۆزىگە شۇنچىلىك ئىشىنىپ كېتىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ گېپىنى شۇنچىلىك يورغىلىتىدىغانلىقىدىن ھەيران قالىمەن. ئەمما مەنچۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۆزۈمنىڭ نېمىنى چۈشىنىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بىرەر ئىشنى قىلالايمەن دەپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايمەن. ئۆزۈمنىڭ قابىلىيەت ـ ئىقتىدارىمغا نىسبەتەن كۆڭلۈمدە سان يوق، پەقەت ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئاران تونۇشقا ئىگە بولىمەن، خالاس. مەن بارلىق شەيئىلەردىن گۇمانلانغاندەك ئۆزۈمدىنمۇ گۇمانلىنىمەن... شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەجدادلارنىڭ ئادەملەرنى تەكشۈرۈشكە ئالاقىدار بارلىق تەلىماتلىرىدىكى ئادەمنى مەنسىتمەيدىغان، كەمسىتىدىغان، ھېچنېمە ئەمەس دەپ قارايدىغان تەلىماتلىرىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىمەن ھەمدە ھەممىدىن بەك ياقتۇرىمەن.

پەلسەپە مەنمەنچىلىكىمىزگە زەربە بەرگەن، شۆھرەتپەرەسلىكىمىزنى بوغقان، ئۆزىدىكى تەۋرىنىش، ئاجىزلىق، نادانلىقلارنى سەممىمىي ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. مېنىڭچە، ئادەمنىڭ ئۆزىنى بەك يۇكسەك ھېسابلىشى مەيلى ئومۇمىي كۆز قاراش ياكى شەخسىي قاراش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، خاتا كۆز قاراشلارنىڭ مەنبە-

سىدۇر. شۇنداق ئادەملەر باركى، ھەتتا ئۇلار مېركۇرىيغا چىقالىغۇدەك قابىلىيىتىمىز بار دەپ پو ئاتىدۇ. مەن پايانسىز بوشلۇققا قاراپ، ئۇلارنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. مېنىڭ تەكشۈرۈشۈم پەقەت ئادەمنىلا ئوبيېكت قىلغاچقا، بۇ جەھەتتە خىلمۇ خىل تەشەببۇس، چېگىش قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدىم. يەنە پەلسەپە ساھەسىدىمۇ باش - ئايىغى يوق تونۇش - چۈشەنچە، ئارىسالدىلىق ئىچىدە قالغان ئىدىيىلەر مەۋجۇت. ئۇلار خەير - ساخاۋەتكە نىسبەتەنمۇ روشەن ئۇقۇمغا ئىگە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان، ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولغان نەرسىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بەدىنى ئۆزىدىكى ئورگانىزملارنىڭ ھەرىكىتىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئورگانىزملارنىڭ قانداق ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ؛ ئورگانىزملارنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ ھەم تىزگىنلەپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى قانداق ئىپادىلەشنى، نېمىدەپ شەرھلەشنى ئۇقمايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇلار ماڭا نىل دەرياسى سۈيىنىڭ ئۆرلەش - پەسىيىش سەۋەبىنى سۆزلىسە، مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قانداقمۇ ئىشىنەي؟ «ئىنجىل» دا، قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىنسانلارغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، دېيىلگەن ئەمەسمۇ.



# نام ــ شۆھرەتتىن تەسەللى ئىزدەمەك

## شوپېنخائۇئېر (گېرمانىيە)

بەزىلەر ئېسىل خاراكتېر ۋە مول بايلىقتىن بەختىنىڭ مەنبە-سىنى تاپالمىسا، جەزمەن نام ـ شۆھرەتتىن تەسەللى ئىزدەشكە موھتاج بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرى ھازىر-لىغان شەيئىلەردىن خۇشاللىق مەنبەسىنى تاپالماي، باشقىلارنىڭ ماختاش ـ تەرىپلىشىگە ئۈمىد باغلايدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن خەتەر-لىك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بەخت بەدەننىڭ ماھىيىتى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم. بەدەننىڭ ساغلام بولۇشى بەختنىڭ مۇھىم ئامى-لىدۇر. مۇستەقىل ياشاش ۋە غەم ـ قايغۇلارنى تەرك ئېتىش ئىق-تىدارىنىڭ بولۇشى بۇنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنى-دۇ. بىرەر شان ـ شۆھرەت، راھەت ـ پاراغەت، ئورۇن ـ مەرتىۋە، نام ـ ئاتاقلار بەختىنىڭ بۇ ئىككى خىل ئامىلى بىلەن باراۋەر ئە-مەس، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. زۆرۈر بولسا، ھەم-مىمىز نام ـ ئاتاق، راھەت پاراغەت، ئورۇن ـ مەرتىۋە دېگەنلەرنى قۇربان قىلىپ، بۇ ئىككى خىل ئامىلنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

شۇنى بىلىش لازىمكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ دەسلەپكى شارائىت، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارىشىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلى-نىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادەمنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى رېئال

ئەھۋاللارنىڭ، مەسىلەن، سالامەتلىك ئەھۋالى، خاراكتېر ـ خىسـ ـلىتى، ئىقتىدارى، كىرىمى، خوتۇن ـ بالىلىرى، دوست ـ يارانلىـ ـرى، ئائىلىسى قاتارلىقلارنىڭ بەختكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى باشـ ـقىلارنىڭ پىكىر ـ قارىشىدىن نەچچە ھەسسە زور بولىدۇ؛ بۇ نۇقـ ـتىنى بالدۇر تونۇپ يەتمىسەك، تۇرمۇشىمىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. ناۋادا، ئادەم نام ـ شۆھرەتنى ھاياتتىن مۇھىم بىـ ـلىشتە يەنىلا چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى باشقىلار ـ نىڭ پىكرىنى ياشاش ۋە مۇكەممەل بولۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئەۋـ ـزەل بىلىشتۇر. بۇنداق دېيىش ئورۇن ـ مەرتىۋىنىڭ تېز ئۆسۈشىـ ـنى كۆزلىگەن ئادەم ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشى، يەنى نام ـ ئاتىقىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم دېـ ـگەننىلا تەكىتلىگەنلىك بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. بىز كىشىلەر ـ نىڭ خېيىمخەتەر، قىيىنچىلىقلارغا تەۋەككۈل قىلىش، جاپالىق تىر ـ ـرىشىش، ھاياتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان تۈپ مەقسىتىنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ يۇكسەك باھا بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئۆزگە نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلگىنىمىزدە، ئەمەل ـ مەرتىۋە تۇتۇش، زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاش، ھەتتا بىلىم ـ ئىقتىدار ئىگىلەش، سەنئەتكار بولۇش ھەمدە ئۇزلۇكسىز ئىزدىـ ـنىشتىكى مۇددىئايىنىڭ پەقەت خەقنىڭ تېخىمۇ زور ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، ئىنسانلاردا نادانلىقنىڭ شۇ قەدەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن ئىچىنماي تۇرالايمىزمۇ؟!

باشقىلارنىڭ پىكرىنى زىيادە مۇھىم بىلىش ھەممە ئادەمنى خاتالاشتۇرىدۇ، بۇ خاتالىق ئادەمنىڭ خاراكتېر ـ مىجەزىنىڭ،

شۇنداقلا مەدەنىيلىك ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ نەتىجىسىدۇر، ئەمما ئۇ مەيلى نېمىنىڭ نەتىجىسى بولسۇن، ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىمىزدە پەيدا قىلىدىغان غايەت زور تەسىرىنى ھەمدە ھەقىقىي بەختكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى ھەرگىز ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ خاتالىق كىچىك بولسا، ئادەمنى قورقۇنچاق، خۇشامەتچى قىلىپ قويىدۇ، چوڭ بولسا، ئادەم ئويلاپ يېتەلمەيدىغان پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شۆھرەت ئۈچۈن تىنچ ـ ئامانلىق، بايلىق، سالامەتلىك، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۆھرەت تۇيغۇسى ھەمراھلارنى تىزگىنلەيدىغان قورالغا ئايلىنالىغاچقا، بۇنداق تۇيغۇنى يېتىلدۈرۈش كىشىلىك خاراكتېر يېتىلدۈرۈش جەريانىدا بىر مەھەل مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى شۆھرەتنىڭ بۇ خىل ئىمتىيازى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە كەلتۈرىدىغان ئاقىۋىتى باشقا ـ باشقا گەپ. ئىنساننىڭ مەقسىتى ـ بەختكە ئېرىشىش، شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنى شۆھرەت تۇيغۇسىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتمەسلىككە تەۋسىيە قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. كۈندىلىك تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، شۆھرەتكە زىيادە ئەھمىيەت بېرىش ئادەتتىكى ئادەملەر ئەڭ كۆپ ئۆتكۈزىدىغان خاتالىق. باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكرى سەل بىۋاسىتىرەك، ئۆزىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى تېخىمۇ بىۋاسىتە بولسىمۇ، ئادەم باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكرى بىلەن ھېسابلىشىشقا بەكرەك بېرىلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىغا ئانچە دىققەت قىلمايدۇ، تەبىئىي تەرتىپلەرنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، خەقنىڭ پىكرىنى ھەقىقىي مەۋجۇدىيەت دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى مۇجمەل، غۇۋا دەپ

بىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ۋاستىلىك مەۋجۇدىيەتتىن ھەقىقىي ۋە بىۋاسىتە نەتىجىگە ئېرىشىش ئىستىكىدە ئۆزىنى ئەخمىقانە «شۆھ-رەتپەرەسلىك» ئىچىگە چۈشەپ قويىدۇ. ھالبۇكى شۆھرەتپەرەسلىك ئىچكى قىممەتنى تولىمۇ تۆۋەن نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. شۆھرەتپە-رەسلىككە زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلەر خۇددى ئۇچىغا چىققان بېخىل ئادەمگە ئوخشاش جان ـ جەھلى بىلەن ۋاستىە قوغلىشىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، باشقىلارنىڭ پىكرىگە بەرگەن باھايىمىز ۋە خەق-نىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان تىرىشچانلىقىمىز بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋاپىق ئىنتىلسەك بولىدىغان ئۇتۇق ـ نەتىجىلەر ئۆز ئارا تەڭپۇڭ بولالمايدۇ، يەنى ئالدىنقىسى بىزنىڭ ئىقتىدارىمىزنىڭ سىرتىدىكى نەرسە، لېكىن ئادەملەر بۇ خىل شۆھرەتپەرەسلىكتىن قول ئۈزەلمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ-كى، شۆھرەتپەرەسلىك ئادەمدە ئەزەلدىن بار بولغان بىر خىل سەۋدايىلىق كېسىلىدۇر. بىز ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا، ئالدى بىلەن: «خەق نېمە دەر؟» دەپ ئويلايمىز. ئىنسان ھاياتىدىكى ئاۋار-چىلىك ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ يېرىمى دېگۇدەك بىزنىڭ مۇشۇ ئەن-دىشىمىزدىن پەيدا بولغان. بۇ ئەندىشە ئادەمنىڭ ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش تۇيغۇسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئادەم بى-خۇدلۇق ئىچىدە ئۇنى سېزەلمەيدۇ. بىزنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىمىز، ساختىلىقىمىز، مۇغەمبەرلىكىمىزنىڭ ھەممىسى خەق نېمە دەر دې-گەن ئەندىشىمىزدىن تۇغۇلغان. ناۋادا، مۇشۇ ئەندىشە بولمىسا، بۇنچىلا كۆپ ھەشەم ـ دەرەممۇ بولمايتتى. كۆرۈنۈشتە خىلمۇ خىل ئۇسۇل ـ شەكىللەر بىلەن ھەرقانچە تەكەببۇرلۇق قىلغىنىمىز بى-

لەن، خەق نېمە دەر دېگەن بۇ ئەندىشە كۆڭلىمىزگە زادىلا ئارام بەرمەيدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ئەندىشىنىڭ تۆلەيدىغان بەدىلىمۇ نەقەدەر زور ـ ھە! ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا مۇشۇ ئەندىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ، بىز بۇنى كىچىك باللارنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ كۆرەلەيمىز، لېكىن بۇ ئەندىشىنىڭ چوڭلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى خېلىلا كۈچلۈك، چۈنكى چوڭلارنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ، تۈرلۈك سەزگۈ ئەزالارنىڭ ھۇزۇرىدىن لەززەتلەنگۈدەك ئىقتىدارى قالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاچ كۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە تەكەببۇرلۇقتىن باشقا ھېچنېمە قالمايدۇ. بىزدىكى ھەممە ئەندىشە، غەم ـ قايغۇ، ئاۋارىچىلىكلەر، تولۇپ ـ تاشقان جاسارەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېگۈدەك ئاشۇ خەق نېمە دەر دېگەن تەشۋىشتىن كەلگەن؛ بۇ جەھەتتە، بىزنىڭ ئەخمەقلىقىمىز بىلەن بىچارە جىنايەتچىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان ھېچقانداق يېرى يوق. مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ھەمىشە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

بىلىش لازىمكى، بەختىنىڭ مەنبەسى خاتىرجەملىك، مەمنۇنلۇقتا چۆمگەن كۆڭۈلدۇر. شۇڭا، بەختكە ئېرىشمەن دەيدىكەنمىز، خەق نېمە دەر دېگەن تەشۋىشنىڭ تەبىئىي ۋەسۋەسىسىنى مۇۋاپىق تىزگىنلىشىمىز زۆرۈر. كۆڭلىمىزدىن ئۇنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىلا، جىسمىمىزدىكى بىزنى ئازابلاۋاتقان بىر تال تىكەننى يۇلۇۋېتەلەيمىز. بۇنداق قىلىش ناھايىتى تەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بۇ خىل ۋەسۋەسە ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى تەبىئىي جاھىللىقتۇر. تايستېس: «ئەقىللىق ئادەمنىڭ نام ـ مەنپەئەت قوغلىشىش ئىستىكىدىن قۇتۇلمىقى ئەڭ تەستۇر»

دېگەندى. ئومۇملىشىپ كەتكەن بۇنداق نادانلىقنى چەكلەشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق تو- نۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ نادانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىكى كۆپلىگەن پىكىرلەرنىڭ خاتا، بىر تە- رەپلىمە، بىمەنە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەر- زىمەيدىغانلىقىنى ھەمدە تۇرمۇشتىكى ئىش ـ ھەرىكەت، مۇھىت ـ شارائىتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ئۇنىڭ تەسىرىگە ھەقىقىي ئۇچرىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش كېرەك. يەنە كېلىپ، بۇنداق پىكىرلەردە ئادەتتە تەنقىد، ئەيىبلەش كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئادەم خەقنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق سۆز ـ چۆچەك قىلغانلىقىنى ئاڭ- لىسا، ناھايىتى بىئارام بولىدۇ ۋە ئۇلارغا نەپرەتلىنىدۇ. بىز شۆھ- رەت بىلەن باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، شۆھ- رەتنىڭ بىۋاسىتە قىممەتكە ئەمەس، پەقەت ۋاسىتىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. ئەگەر ئادەم مۇشۇ ئەخمىقانە خىيالدىن قۇتۇلالىسا، ئۆزى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان خاتىرجەم- لىك، كۆڭۈل ئازادىلىككە ئېرىشەلەيدۇ، تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە زور ئىشەنچ بىلەن دۇنياغا يۈزلىنەلەيدۇ ھەمدە تۈرلۈك ئەندىشە ـ تەش- ۋىشتىن تامامەن قۇتۇلالايدۇ. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئادەمگە كۆڭۈل ئازادىلىك، خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ، يەنى بىز باشقىلارنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى ئۇزۇن ۋاقىت جەلپ قىلغان تۇرمۇشتىن ئايرىلغاچقا، خەقنىڭ بىزگە بېرىدىغان باھا ـ تەدبىر- لىرىدىن قورقۇپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئەسلىي ماھىيىتىمىزگە قايتىپ» ياشاش ئىم- كانىيىتىگە ئېرىشىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەقنىڭ

پىكرىنى قوغلىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان نۇرغۇن كاج قىسمەت-لەردىنمۇ ساقلىنالايمىز، خەقنىڭ پىكرىدىن ئىبارەت بۇ تۇتقىلى بولمايدىغان قارا كۆلەڭگىگە پەرۋا قىلمايدىغان ھالەتكە ھەم ئۆز-گەرمەس ئەمەلىيەتكە يۈزلەنگەن ۋاقتىمىزدىلا، نادانلىقىمىز ئاپىرىدە قىلىدىغان بالا - قازالاردىن خالىي بولالايمىز. شۇنداق بول-غاندا، ئەمەلىيەتنىڭ چەكسىز ئېسىل ھۆزۈرىنى بىمالال سۈرەلەي-مىز. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قىلىش ئەڭ تەسكە چۈشىدىغان ئىشلاردۇر.



# خەقنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى سېتىۋېلىش بىھاجەتتۇر

### ئېپىكتېتوس (رۇم)

باشقىلار بىلەن ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلغان ياكى ئۇلارنى ئەدەپ ـ قائىدە يۈزىسىدىن يوقلاپ بارغىنىڭىزدا، بىرەر ئادەم سىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالغانمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ سىزنى قىزغىن كۈتۈۋالغىنىدىن مەمنۇن بولۇڭ؛ ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇل ئارقىلىق، باشقىلار بىلەن ھەرگىز بەسلىشەلمەيسىز. چۈنكى، بىرەيلەننى دائىم يوقلاپ بارمىسىڭىز، ماختىمىسىڭىز، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلمىسىڭىز، قانداقمۇ مۇشۇ ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئېرىشكەن ئۇلۇش ـ نېسىۋىگە ئېرىشەلەيسىز؟ ئەگەر سىز بۇ سېتىلىدىغان نەرسىگە پۇل چىقىرىشنى خالىمىسىڭىز، بىر تىيىن خەجلىمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېرىشمەن دېسىڭىز، قائىدە ئۇقمايدىغان ئۆكتەم ئادەم بولۇپ قالىسىز. مەسىلەن، بىر خالتا ئۇنىنىڭ باھاسى بىر تىللا دېسەك، بىر ئادەم بىر تىللا تۆلەپ ئۇنى ئېلىپ كەتسە، سىز پۇل تۆلىمەي قۇرۇق قول قايتىپ، ھېلىقى ئادەمنى رىسقىمغا چاڭگال سالدى دېسىڭىز بولمايدۇ. چۈنكى، ھېلىقى ئادەم ئۇنىغا ئېرىشكەنگە ئوخشاش، سىزمۇ بىر تىللانى چىقىم قىلماي ساقلاپ قالدى-

ڭىز. ئەمدى دېمەكچى بولغان ئىشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ: سىز مەلۇم بىر ئادەم ئۇيۇشتۇرغان زىياپەتكە چاقىرىلمىدىڭىز، چۈنكى سىز زىياپەتتە بېرىلىدىغان تاماقنىڭ پۇلىنى ئۇ ئادەمگە بەرمىدىڭىز. بۇ تاماق خۇشامەتكە، مەدھىيىگە سېتىلىدۇ. ئەگەر سىزگە پايدىلىق بولسا، ئۇنىڭغا تاماقنىڭ پۇلىنى بېرىڭ. لېكىن، پۇل تۆلىمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېرىشمەن دېسىڭىز، يولسىز، كالۋا ئادەم بولىسىز. ئەمىسە، سىز داخىل بولمىغان بۇ بىر ۋاقلىق تاماقتىن بىرەر نەپكە ئېرىشمىدىڭىزمۇ؟ ئېرىشتىڭىز، راست، سىز ئېرىشكەن نەپ ـ ئۆزىڭىز ماختاشنى خالىمايدىغان ئادەمنى ماختىمىدىڭىز، ئۇلارنىڭ چاكارلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولمىدىڭىز.

# تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز ئاۋامنىڭ
# دىتىغا ياقسۇن

سېنېكا (رۇم)

بەزىلەرنىڭ تەشنالىق بىلەن ئىنتىلىدىغىنى ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەش ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ دىققەت - نەزىرىنى قوزغاشتۇر. شۇڭا، ئۇلار كۆڭلىدە، باشقىلارنى يۇرۇش - تۇرۇش، تەقى - تۇرقىمىزغا ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزغا باھا بېرىشكە ئۈندەيدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن ئىشلارنىلا قىلىدۇ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلىقىنى ھەرگىز دورىماسلىق كېرەك. جۇل - جۇل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرمەك، چېچىڭىزنى چاڭگىدەك ئۆستۈرۈۋەتمەك، ساقال - بۇرۇتىڭىزنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەك؛ كۈمۈش قاچىلاردىن بىزار ئىكەنلىكىڭىزنى چاندۇرماق، داق يەردە يېتىپ ئۇخلىماق، ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ماختىنىپ لاپ ئۇرماق. ناۋادا، بىز ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، ئۆزىمىز بىلگەن سەنەمگە دەسسىسەك، باشقىلارنىڭ ئىنكاسى قانداق بولىدۇ؟ ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ؛ ئەمما، تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە، ئاۋام بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشىمىز لازىم. كىيىم - كېچەكلىرىمىز ھەم زىيادە ئالىيېشىل، چاكىنا بولمىسۇن، ھەم جۇل - جۇل، پاسكىنا بولمىسۇن. ساپ ئالتۇن يالىتىلغان كۈمۈش قاچا - قۇچىلىرىمىزنىڭ

بولۇشى زۆرۈر ئەمەس، شۇنىڭدەك ئالتۇن ـ كۇمۇش، ئۇنچە ـ مەرۋايىتلىرىمىزنىڭ يوقلۇقى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ دەپ قارىساقمۇ بولمايدۇ. بىزنىڭ ئىنتىلىدىغان نىشانىمىز، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئاۋامدىن ئۇستۇن تۇرۇش بولۇشى، ئەمما تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز ئۇلارنىڭ دىتىغا زادىلا ياقمايدىغان بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بولمىسا، ئاۋامنى يەكلەپ قويىمىز ۋە ئۇلاردىن يىراقلىشىپ كېتىمىز، بىزنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىمىز بولسا، ئاۋامنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئاۋامنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان ئىشلارنى قىلساق، ئۇلارنى ھەممە جەھەتتە بىزنى ئۈلگە قىلىشتىن ئەنسىرەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىمىز ـ دە، نەتىجىدە ئۇلار بىزنىڭ ھېچقانداق تەرىپىمىزنى دوراشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

تۇرمۇش پەلسەپىسى بىزگە مەقبۇل كۆرگەن تۇنجى ئىش دوستلۇق ھېسسىياتىدۇر. بۇ بىزدىكى ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئېلېمېنتى، ئومۇمىي گەۋدىنىڭ بىر ئەزاسىدىكى ھېسسىياتتۇر. ئاۋامدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇشۇ باياناتىمىزدىن ۋاز كەچكەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاۋامنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت، يۈرۈش ـ تۇرۇشىمىزنى دورىشى بىزنى ھەرىكەت ئۇسۇلى بىلەن ماختىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، بىز ھەرىكەت ئۇسۇلىدىكى ماختاشقا ئېرىشىش ئارقىلىق، ئاۋامنىڭ مەسخىرىسى، ئۆچمەنلىكىگە ئۇچرىماسلىقنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەممىگە مەلۇمكى، تەبىئەتكە ماسلىشىش ـ بىزنىڭ مۇقەددەس دەستۇرىمىز. شۇڭا، مەينەت نەرسىنى يېسە كېسەل بولمايدۇ، يەيدىغان غىزا ئادەتتىكى ئاش ـ تائام ئەمەس، بەلكى پاسكىنا، قورقۇنچلۇق ۋە كۆ-

ئۇلنى ئېلىشتۇرىدىغان نەرسىلەر دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلىش، بەدەننى زىيادە چارچىتىش قاتارلىقلار تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپ قىلمىشلاردۇر. ئىبسىل نازۇ نېمەتلەرنىلا قوغلىشىش راھەت ـ پارا- غەتكە بېرىلگەنلىكنىڭ بەلگىسى بولغىنىدەك، ئاددىي تائاملارنى يې- يىشنى ياقتۇرماسلىق روھىي كېسەللىكنىڭ بېشارىتىدۇر. پەيلا- سوپلار ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنى ئىخلاسمەن راھىبلەردەك بۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلسۇن دېمەيدۇ. مېنىڭ ئۆلچىمىم شۇكى، ئادەمنىڭ تۇرمۇشى مۇكەممەللىك بىلەن ئادەتتىكى گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسۇن. بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز ئاۋامنىڭ ماختىشىغا، چۇ- شىنىشىگە نائىل بولۇشى كېرەك.

بۇ بىز باشقىلار بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇشىمىز لازىم دې- گەنلىكمۇ، يوق؟ بىز بىلەن باشقا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقمۇ؟ بار. مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق كۆزىتىدىغان ھەرقانداق ئادەم بىزنىڭ ئاۋامدىن پەرقلىنىدىغانلىقىمىزنى بىلىدۇ. لېكىن، بىز ئۆيىمىزگە كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆيىمىزدىكى سەرەمجان ـ بىد- ساتلارنى ئەمەس، بەلكى ئادەملەرگە تۇتقان مۇئامىلىمىزنى ماختى- شىنى ئۈمىد قىلىمىز. ساپال قاچىنى كۈمۈش قاچا دەپ قارىيالاي- دىغان ئادەم ئۇلۇغ ئادەمدۇر، كۈمۈش قاچىنى ساپال قاچا دەپ قارايدىغان ئادەم قىلچىمۇ ئۇلۇغ ئادەم ئەمەستۇر. بايلىقنى چىدى- غۇسىز ئېغىر يۈك دەپ بىلىش، روھىي جەھەتتىكى بىنورماللىق- نىڭ ئىپادىسىدۇر.

# ياخشى ئىش قىلىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشىك، مال ـ بىساتىڭىزنىمۇ قۇربان قىلىۋېتىڭ

## سىسېرو (رۇم)

بىز بېخىل دېگەن ئاتقا قېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك. مامكۇس ناھايىتى پۇلدار ئادەم ئىدى. ئۇ شەھەر مەمۇردىيىتىنىڭ ئەمەلدارى بولۇشنى رەت قىلغاچقا، كونسۇل (قەدىمكى رىم جۇمھۇرىيىتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ باشلىقى ـ تەرجىماندىن) لۇققا سايلىنالمىغان. شۇڭا، كىشىلەر مېھماندارچىلىق زىياپەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلسا، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئادەم كۆڭلىدە بۇنداق قىلىشنى خالىمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا مېھمان چاقىرىشقا ماقۇل بولۇشى لازىم، لېكىن مېھمان چاقىرغاندا، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ ئىش تۇتمىقى لازىم.

ساخاۋەت قىلىشتىكى ئورۇنلۇق سەۋەب يا ئېھتىياج، يا پايدا قوغلىشىش بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئىشنىڭ مۇۋاپىق، خالىس بولغىنى ئەۋزەل. سېخىيلىقىمىز بەك تۇتۇپ كەتكەن چاغلاردىمۇ، ئەھۋالغا قاراپ سېخىيلىق قىلغىنىمىز تۈزۈك. ئېغىر كۈنگە قالغان ئادەم بىلەن بىرەر بەختسىزلىككە ئۇچرىمىسىمۇ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا ئىنتىلگەن ئادەمنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ.

ناۋادا، قىلمىشىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان بولمىسىلا، ئىغىر كۆڭگە قالغان ئادەمگە تېخىمۇ كۆپ غەمخورلۇق قىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. خەقنىڭ ياردىمى بىلەن، تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغان ئادەمدىنمۇ ياردىمىمىزنى ئايىساق بولمايدۇ. ئەمما، خەير ـ ساخاۋىتىمىزگە ئېرىشىدىغان ئادەمنى تاللىغاندا، ئەقىل ـ هوشىمىزنى ئوبدان ئىشقا سېلىپ، كىمگە ساخاۋەت قىلىش، كىمگە قىلماسلىقنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ساخاۋەت ئوبيېكتى خاتا تاللانسا، ياخشى ئىشىمىز يامان ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

مېهىر ـ شەپقەتنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەمگە خەير ـ ساخاۋەت قىلساق، پەقەت شۇ ئادەمنىڭ تەشەككۈر ـ رەھمىتىگە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە باشقىلارنىڭمۇ تەشەككۈر ـ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيمىز. چۈنكى، ئىززەت ـ ئابروي، ئورۇن ـ مەرتىۋىسى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ مېهىر ـ شەپقىتى ھەممە ئادەمنىڭ «ئورتاق پاناھگاھ»ى بولغاچقا، ئاق كۆڭۈل، دۇرۇس ئادەملەرگە قىلىنغان خەير ـ ساخاۋەت جەزمەن تېخىمۇ كاتتا مىننەتدارلىققا نائىل بولىدۇ. كىشىلەرمۇ بۇنداق خەير ـ ساخاۋەتنى تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن تەرىپلەيدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق مېهىر ـ شەپقەت بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە خەير ـ ساخاۋەت كۆرسىتەيلى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى مۇشۇ مېهىر ـ شەپقەتنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان، ۋاپاغا جاپا قىلمايدىغان بولسۇن. چۈنكى، ۋاپاغا جاپا قىلىش ساخاۋەتچىلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغاچقا، ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ ھەم ئۇنى ئۆزلىرى ئۇچۇنمۇ زور زىيان سالىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىلارنى

www.uyghurkitap.com

بارلىق نامراتلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ھېسابلايدۇ.

ئالىيجاناب ئادەم سېخىيلىق بىلەن خەير ـ ساخاۋەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشى، ئۇلارنى شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا زورلىماسلىقى، لېكىن سودا ـ سېتىق، ئادەم ياللاش، ئىجارە بېرىش ـ ئېلىش قاتارلىق سودا ـ تىجارەت ئالاقىلىرىدە، ئادىل، مۇۋاپىق بولۇشنى قوغلىشىشى، ئۆز ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان ئىشلاردا سېخىيلىق بىلەن باشقىلارغا يول قويۇشى، مەنپەئىتىگە ئېغىر دەخلى يەتمىسە، ئەرز ـ شىكايەت قىلماسلىقى، بەزىدە زىيان تارتىش بەدىلىگە بىرەر ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلسە، ئويلىنىپ ئولتۇرماسلىقى لازىم. چۈنكى، ئۆزىنىڭ قىسمەن ھەققانىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچىش سېخىيلىقىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، ھەتتا گاھىدا پايدىلىقمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئۆزىمىزنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكىمىزگە ئوبدان ئىگە بولۇشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويۇش ھەرگىز شەرەپلىك ئىش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، مال ـ دۇنيانىڭ ئۈستىدە دۇم يېتىۋېلىپ، خەقنىڭ ئاچ كۆز، بېخىل دېگەن لەنەتىگە قېلىشقىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇكى، بايلىقنىڭ ئەڭ چوڭ پەۋقۇلئاددە ھوقۇقى كىشلەرنى ياخشى ئىش قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرۈش ھەمدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بىساتىنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىكىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

# مەن چىچەن دەپ قىلسا ئادانلىق، ئىسپانلار
# دۆتلۈك ـ نادانلىق

## بېكون (ئەنگلىيە)

فرانسىيىلىكلەرنىڭ چېچەنلىكى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولسا، ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ چېچەنلىكى سىرتىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئالدىنقىسى راست چېچەنلىك، كېيىنكىسى يالغان چېچەنلىكتۇر. ئۇلارنىڭ راستتىنلا شۇنداق بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ساينت پاۋلو:«تەقۋادار قىياپەتلا بار، لېكىن تەقۋادار كۆڭۈل يوق» دېگەنىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھاياتتىكى نۇرغۇن ئادەملەردە چېچەن قىياپەتلا بار، لېكىن چېچەنلىكنىڭ ماھىيىتى ـــ «چېچەن ھاماقەت»لىك يوق.

بۇنداق ئادەملەر شۇنچە ئويلاپ ـ پىلانلاپمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا شۇنچىلىك ئۈستىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سىر دەپ قارىغان نەرسىسىگە ھېچكىمنىڭ قىزىقمىغانلىقى سەۋەب بولىدۇ.

بەزىلەر رەڭۋازلىق قىلىشقا بەك ھېرىس كېلىدۇ. ئۇلار بىرەر ئىش توغرۇلۇق سۆزلىسە، گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ ئايىغىنى يۇ-

تۇۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئازغىنا تەرىپىنى يۈزە بىلـ-
گەندىن باشقا ھېچنېمىسىنى ئۇقمايدۇ.

بەزىلەر خۇددى سىسېرو مەسخىرە قىلغان ئادەمدەك: «بىر قېشىنى كۆتۈرۈپ پېشانىسىغا چىقارسا، يەنە بىر قېشىنى پەسكە چۈشۈرۈپ» قۇرۇق ھەيۋە كۆرسىتىشكە ئامراق كېلىدۇ.

بەزىلەر بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دانالىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدىغاندەك، ئاجايىپ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ھەرقانداق شەيئى ئۈستىدە كەسكىن پىكىر بايان قىلىدۇ.

بەزىلەر ئۆزى چۈشىنەلمىگەن شەيئىلەرنى مەنسىتمەسلىك ئارقىلىق، بىلمىسىزلىكىنى نىقابلايدۇ. يەنە بەزىلەر ھەرقانداق مەسىلە توغرۇلۇق باشتىن - ئاخىر ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، جىمى ئىشتىن ئۇششاق - چۈشەك قۇسۇرلارنى ئىزدەش، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى يوققا چىقىرىش ئارقىلىق، مەسىلىلەرگە مۇستەقىل ھۆكۈم قىلالايدىغانلىقىنى نامايىش قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار گالىيۇس ئېيتقاندەك: «ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن ئىشنى بۇزىدىغان ساراڭلار» دۇر.

ئەپلاتون « نەيرەڭۋازلىق پىرى» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلغان پروتايگوسنى ھىيلە - نەيرەڭ ۋە قۇرۇق نەزەرىيە ئارقىلىق، ئۆز - گىلەرگە زىيان سالىدىغانلارنىڭ تىپى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭغا نۇتۇق سۆزلەتسە، باشتىن - ئاياغ تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزى بىلەن پىكىر ئىختىلاپى بار ئادەملەرنىلا قامچىلايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلىشى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتىن، تەنقىدى تۆھپىسىدىن كۆپ بولىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، دەل تۆھپە قوشۇشنىڭ تەنقىد قىلىشتىن نەچچە ھەسسە قىيىن

بولغانلىقىدىندۇر. بۇ خىلدىكى ساختا چېچەنلەر ئىقتىدارلىق دېگەن قۇرۇق نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن، خېلى ـ خېلى ئالدامچىلارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان نەيرەڭۋازلىقلارنى قىلىدۇ. ئۇنداقلار ھېچ ـ قانداق ئىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا قو ـ يۇشقا تېخىمۇ بولمايدىغان ئادەملەردۇر. چۈنكى، بۇ ساختا چېچەن ـ لەر چوڭ ئىشلارنى ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ بەكرەك زىيانغا ئۇچرى ـ تىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بولساڭ ئەگەر پۇرسەتپەرەس، قىلغان ئىشىڭ پۇختا ئەمەس

سوقرات (يۇنان)

ئادەم نېمىگە ئىنتىلىشى كېرەك؟ مېنىڭچە، ھەرقانداق ئادەم ئىشنى پۇختا قىلىشقا ئىنتىلىشى لازىم. ئەمما، ئادەم تەلەيگە ئىنتىلىشى كېرەكمۇ، يوق؟ مېنىڭ نەزىرىمدە، تەلەي بىلەن ئىش ـ ھەرىكەت تامامەن قارىمۇ قارشىدۇر. چۈنكى، مېنىڭچە، ئىزدەنمەي تۇرۇپ ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئېرىشىش تەلەي ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى تىرىشىپ ئۆگىنىش، جاپالىق مەشىق ئارقىلىق بىرەر ئىشنى پۇختا قىلىشنىڭ ئۆزى ئىشنى پۇختا قىلىش دېيىلىدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇنداق قىلىشقا تىرىشقان ئادەم ئىشنى پۇختا قىلىدىغان ئادەمدۇر. دېھقانچىلىق ساھەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەر تېرىشقا ماھىرلار؛ مېدىتسىنا ساھەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، داۋالاش تېخنىكىسى ئۇستىلىرى؛ سىياسىي ساھەدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياخشى سىياسىئونلار... ئەڭ ياخشى ھەم خۇدا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەردۇر. ئىشنى پۇختا قىلالمايدىغان ئادەملەر ھەم ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغان، ھەم خۇدا ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەردۇر.

# تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشتىن ئازابلىنىپ يۈرمەڭ

## سېنېكا (رۇم)

ئادەمنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە قويۇلىدىغان چەكلىمە ئۇنىڭدىكى قورقۇش كېسەللىكىنى داۋالاشقا ياردەم بېرىدۇ. ھېكارتو: «تامادىن ئۈمىد ئۈزسە، قورقۇنچمۇ تۈگەيدۇ» دېگەن. ئېھتىمال: «تاما بىلەن قورقۇنچ زادىلا ئوخشىمايدىغان تۇرسا، ئۇلارنى قانداقمۇ مۇناسىۋەتلىك دېگىلى بولسۇن؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. قارىماققا ئۇلار مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە؛ ئۇلار نۇرغۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن خۇددى جىنايەتچى ئۆزىنى تۇتقان چېرىكلەر بىلەن بىللە ماڭغاندەك، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي تەڭ ماڭىدۇ. قورقۇنچ بىلەن تامانىڭ ماس قەدەم ئېلىشىدىن قىلچىمۇ ھەيران قالمايمەن. چۈنكى، بۇلار ئىككىلىنىش پسىخىكىسىغا مەنسۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى كېلەچەكتىن ئەندىشە قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل پسىخىك ھالەتتۇر. ئىدىيىنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇنلاشمىسلىقى ۋە رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىشى، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي ئامىلدۇر. شۇڭا، پەرۋەردىگارنىڭ ئىنسانلارغا بەخش ئەتكەن بۇ ئەڭ ئۇلۇغ، مۇقەددەس خەير ـ ساخاۋىتى، ئاپەت يىلتىزىغا ئايلىنىپ قالدى.

ياۋايى ھايۋانلار پەقەت كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خە-
تەردىن ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. خەتەر ئۆتۈپ كەتسىلا، ھېچنېمىدىن
ئەنسىرىمەيدۇ. ۋەھالەنكى، بىز ھەم ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن
ئازاب چېكىمىز، ھەم كەلگۈسىدىكى ئىشلار ئۈچۈن بىتاقەت بولى-
مىز. بىزنىڭ تالاي بەخت - تەلەيلىرىمىز ئۆزىمىزگە زىيان سالى-
دۇ. چۈنكى، ئەسلىمە قورقۇنچىنىڭ چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەت-
لىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ، مۇشۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئالدىن كۆ-
رىدۇ ۋە مۇددەتتىن بۇرۇن پەيدا قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكلى-
رىنى ھازىرقى ۋاقىتتىن ئۆتكۈزمەي چەكلەپ تۇرۇشقا ھېچكىم
قادىر بولالمايدۇ.

# تەكەببۇرلۇق — ھاماقەتلىكنىڭ ئىپادىسى

لېف تولستوي (روسىيە)

ئادەمدىكى تەكەببۇرلۇقنى يوقاتماق ئىنتايىن تەس: ئەمدىلا بىر يوچۇقنى ئېتىپ تۇرساڭ، ئۇ باشقا بىر يوچۇقتىن باش چىقىرىدۇ، ئۇنى يەنە ئەتسەڭ، يەنە ئۇچىنچى بىر يوچۇقتىن باش چىقىرىدۇ.

ئۆزىنىلا ياخشى كۆرۈش تەكەببۇرلۇقنىڭ مەنبەسىدۇر. تەكەببۇرلۇق — تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان شەخسىيەتچىلىك. تەكەببۇرلار ئۆزلىرىنى ھەر جەھەتتىن باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلايدۇ. قىسمەن تەكەببۇرلار بولسا مەلۇم سورۇن ياكى سۆھبەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئادەملەرنى ناچار، ئۆزلىرىنىلا ئەڭ ياخشى دەپ قارايدۇ. تەكەببۇرلار ئۆزلىرىنىلا نۇقسانسىز دەپ قارىغاچقا، ھەر جەھەتتىن باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەرقانداق گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتىنى تامامەن خاتا دەيدۇ.

تەكەببۇرلۇق ھەرگىزمۇ ئادەمدىكى غۇرۇرنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. تەكەببۇرلۇقنى كىشىلەرنىڭ ساختا ھۆرمىتى ۋە ساختا مەدھىيىلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ غۇرۇر دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئاساسسىز تىل - ھاقارىتى ۋە ئەيىبلىشى پەيدا قىلىدۇ.

ئادەم ئۆزىدىن قانچە قانائەتلەنسە، ۋۇجۇدىدىكى قانائەتلىنىش-كە ئەرزىيدىغان نەرسىلەر شۇنچە ئازىيىپ كېتىدۇ. جىسمىلار قان-چە يېنىك، قانچە كاۋاك بولسا، ئۇنىڭ ئىگىلەيدىغان ئورنى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. تەكەببۇرلۇقمۇ شۇنداق. شۇڭا، بۇددا دىنى سۇنىڭ دېڭىز - ئوكيان ۋە چوڭقۇر جىلغىلارغا ئېقىپ كىرىشىدىن مەلۇم نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ: ئېرىقتىكى سۇ ئاۋاز چىقىرىپ ئاقىدۇ، ئەمما پايانسىز دېڭىزدىكى سۇ شاۋقۇن كۆتۈر-مەي، مەيىن داۋالغۇپلا قويىدۇ.

تەكەببۇر ئادەم ھەرقانداق شەكىلدىكى تەنقىدتىن قورقىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىدىكى ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەسلا پۇت تىرەپ تۇرالمايدى-غانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئۆزى پۈۋلەپ چىقارغان كۆپۈكتە پەيدا بولغان كىچىككىنە يوچۇق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئۇلۇغلۇقنىڭ ھا-يال ئۆتمەي يوققا چىقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ھاماقەتلىك تەكەببۇرلۇققا ھەمراھ بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ، ئەمما تەكەببۇرلۇق ھاماقەتلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. ئادەم قانچە تە-كەببۇر بولسا، ئۇنى ھاماقەت كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدى-غان ئادەم شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ تەكەببۇرلار ھەققى-دىكى پىكىر - تەسەۋۋۇرى ھەقىقەتەن توغرا. چۈنكى، ئۇلار ئەڭ روشەن ۋاسىتىلەر بىلەن تەكەببۇرلارنى ئالدايدۇ. ھالبۇكى تەكەب-بۇرلار ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلغىنىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، تە-كەببۇرلۇق بىر خىل ھاماقەتلىكتۇر.

ئۆزىنىڭ روھىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش - ئىنسانىنىڭ تۇرمۇ-شىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش، ۋەھالەنكى تەكەببۇرلار ئۆزلىرىنى تاما-مەن قۇسۇرسىز دەپ قارايدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن تەكەببۇرلۇقنىڭ

كەلتۈرىدىغان زىيىنى ناھايىتى زور بولىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ تۇر-مۇشتىكى مۇھىم ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ۋە ئۆز تۇرمۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

تەكەببۇرلار ھەمىشە باشقىلارغا تەنبىھ - تەربىيە بېرىشنىلا بىلىپ، ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى قالتىس ئوبدان چاغلىغاندىكىن، ئەلۋەتتە ئۆزى توغرۇ-لۇق ئويلانمايدۇ - دە. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار باشقىلارغا قانچە كۆپ تەنبىھ - تەربىيە بەرسە، ئابرۇيى شۇنچە چۈشىدۇ. خۇددى «مەتتە ئىنجىل» دا ئېيتىلغىنىدەك: «ئاراڭلاردا كىم چوڭچىلىق قىلسا، شۇ سىلەرگە چاكار بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلارنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلىدۇ، كەمتەرلەرنىڭ ئابرۇيى ئۆسىدۇ». كىشىلەر ئال-دىدا ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغانلار پەسكەشكە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ئە-قىللىق، ئاق كۆڭۈل، ئوبدان دەپ قارالغان ئادەم تېخىمۇ ئەقىل-لىق، تېخىمۇ ئاق كۆڭۈل، تېخىمۇ ئوبدان بولۇشنى قوغلاشمايدۇ. كەمتەر ئادەم ئالىيجاناب ئادەمگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى ياخشى دەپ قارىمىغاچقا، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئاق كۆڭۈل، تې-خىمۇ دانا بولۇشقا ئىنتىلىدۇ.

تەكەببۇرلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ياغاچ ئاياغ ئۈستىدىكى ئا-دەمنىڭ مېڭىشىغا ئوخشايدۇ. ياغاچ ئاياغ ئۈستىدە ئادەم ئېگىز كۆرۈنىدۇ، كىيىم - كېچەككە لاي - لاتقا چاچرىمايدۇ، قەدەممۇ چوڭراق بولىدۇ، يامان يېرى شۇكى، ياغاچ ئاياغ بىلەن ئۇزۇن يول يۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لايغا دۇم چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدىغان ھەم ھەممىنىڭ كەينىدە قالىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. تەكەببۇرلار دەل شۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئادەملەردۇر. ئۇلار بوينى تارتىپ ئۆستۈرەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدا قېلىپلا قالماي، يەنە ياغاچ ئاياغدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ زاڭلىق ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىككى تەكەببۇر ئادەم بىللە مېڭىپ، ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنى دۇنيادىكى جىمى ئادەمدىن ئۈستۈن دېسە، ئەھۋال ئېخىمۇ كۈلكىلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى يولدىن ئۆتكەنلەرگە كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۇنداق تۇيۇلماي، بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشىدۇ ھەمدە ناھايىتى ئازابلىنىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ۋىجدانىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى ئالدايدۇ، كۆڭلىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋىتىنى ئاقلاش ئۈچۈن، مەن باشقىلاردىن ياخشى، لېكىن ئۇلار بۇنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار بىلەن ھەرگىز كېلىشەلمەيمەن؛ مېنىڭ ئائىلەم باشقا ئائىلىلەردىن ياخشى؛ مېنىڭ تەبىقەم ھەممە تەبىقىدىن يۇقىرى؛ مېنىڭ مىللىتىم باشقا مىللەتتىن ئىلغار دېگەندەك باھانە ـ سەۋەبلەرنى تاپىدۇ.



دۇنيادا ئۆزىدىن، ئائىلىسىدىن، نەسەبىدىن، مىللىتىدىن پەخىرلىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلغان تەكەببۇرلۇقتا ئوخشاش كىشىلەرنى چاك ـ چېكىدىن بۆلۈۋېتەلەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. ئادەمنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنمەي، ئەكسىچە ئۇلاردىن نەپرەتلىنىشى ياخشى ئىش ئەمەس. ھالبۇكى مەن كۆپچىلىككە ئوخشاش ئاددىي ئادەم ئەمەس، بەلكى ھەممە ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەم، دەپ ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىش تېخىمۇ يامان ئىشتۇر. ئۆزىنى ئاشۇنداق ھېسابلايدىغان ئادەم باشقىلارغا ناھايىتى

تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

چىرايى، بوي ـ تۇرقىدىن سۆيۈنۈپ تەكەببۇرلۇق قىلىش ھا ـ ماقەتلىك بولىدۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىسى، ئەجدادى، دوست ـ يارانلىـ ـرى، تەبىقىسى ۋە مىللىتىگە سۆيۈنۈپ تەكەببۇرلۇق قىلىش تېخىـ ـمۇ چوڭ ھاماقەتلىكتۇر.

ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەڭ ياخشى دەپ ئويلىشى ھەم يامان، ھەم ئەخمىقانە ئىش. ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ھەممە ئائىلىدىن ياخشى دەپ قاراش تېخىمۇ چاتاق، تېخىمۇ ھاماقەتلىك بولىدۇ. ئۆزىنىڭ مىلـ ـلىتىنى باشقا ھەرقانداق مىللەتتىن ئۈستۈن دەپ قاراش دۇنيادىكى پۈتكۈل ئەخمىقانىلىك ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئەخمىقانىلىكتۇر. ھال ـ بۇكى كىشىلەر بۇنى يامان ئىش قاتارىدا كۆرمەستىن، ئەكسىچە، كاتتا گۈزەل ئەخلاق ھېسابلايدۇ.

ئادەمنىڭ:«قاراڭ، مەن نېمىدېگەن ياخشى!» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇشى، دەل ئۇنىڭ پاتقاققا پېتىشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.



# كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ھوقۇقىنى ئايرىلىپ قالماسلىقنىڭ ئىشەنچىلىك كاپالىتى

سىسېرو (رۇم)

قىسمەت ئىلاھىنىڭ ئىنسانغا ئامەتمۇ، ئاپەتمۇ ياغدۇرالايدىغان ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىز سەپەرگە چىققاندا، قىسمەت ئىلاھىنىڭ ھىممەت - شاپائىتىگە ئېرىشسەك، كۆزلىگەن نىشانىمىزغا ئامان - ئېسەن يېتىپ بارالايمىز؛ قىسمەت ئىلاھى شەپقەت ئىشىكىنى ئېتىۋالغاندا، شىددەتلىك بوران - چاپقۇنغا يولۇقساق، كېمىمىز دوم كۆمتۈرۈلۈپ ياكى قورام تاشقا سوقۇلۇپ ھالاك بولىمىز. قىسمەت ئىلاھى ھەقىقەتەن بىز ئويلاپ باقمىغان ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئاپەتلەرنى ئاساسەن قارا بوران، مۆلدۈر، سۇ ياكى ئوت ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ھادىسىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئاپەتلەر نىسبەتەن ئاز كۆرۈلىدۇ. ئەمما، مەن بىر تەرەپتىن، ھەربىي قوشۇننىڭ ھالاكىتى، سانغۇننىڭ ئۆلۈمى، ئاۋامنىڭ قەھر - غەزىپى ھەم مۇشۇنداق ئىشلار سەۋەبىدىن ۋەزىرلەرنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى، ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىنىشى ياكى قېچىپ كېتىشىنى ئويلىسام،

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆتۈق ـ نەتىجە، ئەلەمدار ۋە قەلەمدار ئەـ
مەلدارلارنىڭ شان ـ شەرىپى ھەم غەلىبىسىنى ئويلايمەن. ئەمما،
ئىشنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر،
كۆپچىلىكنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىقى بولمىسا، ئۇنداق ئىشلار ـ
نىڭ يۈز بېرىشى ناتايىن.

قىسمەتنىڭ تۇرمۇشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە مۇ ـ
شۇنچىلىك توختىلىپ، ئەمدى قانداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ
ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن بىز بىد ـ
لەن ھەمكارلىشىدىغان، بۈيۈك ئىشلار ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىد ـ
دىغان ھالغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتەي.

كىشىلەر بىر ئادەمنىڭ ئورۇن ـ مەرتىۋىسى ياكى ئابرۇي ـ
ئىناۋىتىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مەلۇم نەرسىلەرنى بەرگەنـ
دە، تۆۋەندىكى مەقسەتلەرنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر مەقسەتنى كۆڭـ
لىگە پۈكۈشى مۇمكىن: ئۇلار مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۇنى ياقتۇرۇپ
قالغاندا، ئۇنىڭغا ياخشى كۆڭلىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىشى
مۇمكىن؛ ئۇنىڭ خاراكتېر ـ پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ ھەمدە ئۇنى
ئۆسۈشكە مۇناسىپ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىـ
لەشنى مەقسەت قىلىشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭغا بەك ئىشەنگەن ھەم مۇ ـ
شۇنداق قىلساق بىزگىمۇ پايدىسى تېگىدۇ دەپ ئويلىغان بولۇشى
مۇمكىن؛ ياكى ئۇنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازىدىن قورققان بولۇشى
مۇمكىن. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇلار مەلۇم تارتۇق، سوۋغا ـ سالامغا
ئېرىشىش تەمەسىدە بولۇشى مۇمكىن؛ پۇل ـ پۇچەك ياكى باشقىچە
شەكىلدە جاۋاب قايتۇرىمەن دېگەن ۋەدىنىڭ تۈرتكىسىدە شۇنداق
قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەقسەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى

مەقسەت ئەڭ رەزىل، ئەڭ مەنپەئەتپەرەس ئادەملەرنىڭ مەقسىتىدۇر؛ مەيلى ھېلىقىدەك ۋەدىگە ئېرىشكەن ئادەم بولسۇن ياكى شۇنداق ۋەدە بەرگەن ئادەم بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى شەرمەندە ئادەملەردۇر. چۈنكى، قابىلىيەت ــ ئارتۇقچىلىققا تايىنىپ ئېرىشىدىغان نەرسىگە پۇل ــ مالغا تايىنىپ ئېرىشىشكە ئۇرۇنۇش تولىمۇ يامان ئىش. ئەمما، بەزىدە مۇشۇ خىلدىكى قوللاشقا مۇراجىئەت قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمىغاچقا، بۇ قوللاشتىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى شەرھلەپ ئۆتمىسەم بولمىغۇدەك.

كىشىلەر باشقىلارنىڭ كۈچ ــ ھوقۇقىغا بويسۇنۇشتىمۇ تۆۋەندىكىدەك مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ: ياخشى كۆڭلىنى بىلدۈرۈش؛ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەش؛ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورۇن ــ مەرتىۋىسى ۋە نام ــ شۆھرىتى يۇقىرى بولغاندىكىن، ئۇنىڭغا بويسۇنسام، ماڭا پايدىسى تېگىپ قالار دېگەن تەمەدە بولۇش؛ كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا ئىلاجسىز بويسۇنۇپ قالسام، ئەھۋالىم قانداق بولار، دەپ قورقۇش؛ سوۋغا ــ سالامغا ئېرىشىش ئۈمىدىدە بولۇش ياكى سېخىيلىق بىلەن بېرىلگەن ۋەدىلەرگە مەپتۇن بولۇش. بەزىدە بويسۇنغۇچىلار پۇلغا سېتىلىشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋال دۆلەتىمىزدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئەمما، مۇشۇ مەقسەتلەر ئىچىدە «ھۆرمەت» تەك تەسىر كۈچ پەيدا قىلالايدىغان ۋە ئۇنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالالايدىغان نەرسە يوق؛ نىشان ــ مەقسىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا «قورقۇش» تەك زىيان كەلتۈرىدىغان نەرسىمۇ يوق. ئېنىنىئۇس: «كىشىلەر كىمدىن قورقسا، شۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. كىشىلەر كىمدىن نەپرەتلەنسە، شۇنىڭ ھالاكىتىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولىدۇ» دېگەن. بىز يې-

قىندا شۇنى بايقىدۇقكى، ھەرقانچە زور كۈچ ـ ھوقۇقمۇ ئاۋامنىڭ ئۆچمەنلىكىنى بېسىپ قالالمايدۇ. جۇلىئۇس قەيسەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئاۋامنىڭ ئۆچمەنلىكىدىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بارلىق مۇستەبىتلەرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەقدىرىمۇ بىزگە ئاشۇنداق ئاچچىق ساۋاقلارنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنداقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈشتەك ئاقىۋەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنى قورقۇتۇش، ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئەڭ رەزىل ۋاستە؛ ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالماسلىقتا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلدۇر.

ئەمما، قورال كۈچى بىلەن كىشىلەرنى بويسۇندۇرغۇچىلار رەھىمسىز ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىن ساقلىنالمايدۇ، ئەلۋەتتە. خوجايىنىنىڭ قۇلىغا قىلغان مۇئامىلىسىنى مىسالغا ئالساق، باشقىلار ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن قۇلنى بويسۇندۇرالمىغاندا، خوجايىن ئىلاجسىز زورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىدۇ. لېكىن، ھۆرلۈك تۈزۈمىدىكى دۆلەتتە، كىمكى ئۆزىنى جان ـ جەھلى بىلەن باشقىلارنى قورقۇتىدىغان ئورۇنغا قويسا، شۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ساراڭ دېگەن ئاتاققا قالىدۇ. چۈنكى، قانۇن شەخسىي ھوقۇقنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇنداق ئوڭاي ماقۇل دېمەيدۇ، ھۆرلۈك شەخسىي كۈچ ـ ھوقۇقنىڭ ئالدىدا ئۇنداق ئوڭاي تىز پۈكمەيدۇ، قانۇن بىلەن ھۆرلۈكنىڭ قۇدرىتى ھامان بىر كۈنى ئاۋامنىڭ سۈكۈتلۈك كەيپىياتىدا ياكى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرىنى سايلاشتا تاشلايدىغان ئىمزاسىز بېلەتلىرىدە ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىر مەھەل قاتتىق بې-

سىمغا ئۇچراپ، قايتا باش كۆتۈرگەن ھۆرلۈك ھېچقانداق خېيىم-خەتەرگە يولۇقمىغان ھۆرلۈكتىن نەچچە ھەسسە قەيسەر بولىدۇ. بىز كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆتالايدىغان بىر تاكتىكا (بۇ تاكتىكا بىخەتەر بولۇپلا قالماي، يەنە ھوقۇققا ئېرىشىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ھېسابلىنىدۇ) نى، يەنى كىشىلەرنى قورقۇتمايدىغان ھەم ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان تاكتىكىنى قوللانساق، مەيلى خوشۇسي تۇرمۇشىمىز ياكى ئاممىۋى تۇرمۇشىمىزدا بولسۇن، ناھايىتى ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز.

بۇنىڭدىن سىرت، باشقىلارنىڭ قورقۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەملەرمۇ، ئۆزلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدىغان ئادەمدىن قورقىدۇ. مەسىلەن، چوڭ دىئونىسىئۇسنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ قورقۇشنىڭ ئازابىغا ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغان ئادەم. ئۇ ساتىراشنىڭ ئۇستىرىسىدىن قورققاچقا، چېچىنى كۆيۈپ چوغقا ئايلانغان كۆمۈر پارچىسى بىلەن كۆيدۈرۈپ ياسايتتى. يەنە ئالېكساندىرغىمۇ نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى. ئۇ كۆڭلىرىنى قانداق روھىي كەيپىياتتا ئۆتكۈزگەن؟ تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئايالىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، لېكىن ھەر قېتىم تاماق يەيدىغان ئۆيدىن چىقىپ ئايالىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە، بىر بەدەۋى مۇھاپىزەتچى (يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بەدىنىگە گۈل چېكىلگەنىكەن) نى قىلىچ تۇتۇپ ئالدىدا مېڭىپ يول ئېچىشقا بۇيرۇيدىكەن. يەنە تېخى يېنىدىكى بەزى قوغدىغۇچىلىرىنى ئايالىنىڭ سومكىسىنى ئوغرىلىقچە ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭدا قاتىللىق قورالى بار - يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدىكەن. ئۇ نەقەدەر بى-

تەلەي ئادەم ـ ھە! بىر بەدەۋى ئادەمنى ــــ بەدىنىگە تامغا بېسىلغان قۇلنى ئۆزىنىڭ ئايالىدىنمۇ ئىشەنچلىك دەپ قاراش نېمىدېگەن بەمەنىلىك! ھالبۇكى ئۇنىڭ قىلغىنى توغرا ئىدى. چۈنكى، ئايالى ئۇ ياخشى كۆرىدىغان باشقا بىر ئايال بار دەپ گۇمانلانغاچقا، ئاخىر ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈردى.

ھەرقانداق كۈچ مەيلى قانچىلىك زور بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قورقۇنچىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىسىلا، ئانچە ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرەلمەيدۇ. مەسىلەن، فارارس قانخور زالىملىقى بىلەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئادەم. ئۇ مەن ھېلى تىلغا ئالغان ئالېكساندىردەك قەستكە ئۇچراپ ئۆلمىگەن، بىزنىڭ زالىم خان ـ پادىشاھلىرىمىزدەك بىر ئوچۇم سۇيىقەستچىلەرنىڭ قولىدىمۇ ئۆلگەن ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل خەلق قوزغىلىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرگەن.

بۇلاردىن باشقا، ماكېدونىيىلىكلەر دېموترىئۇستىن يۈز ئۆرۈپ، پىلېستىن پاناھلىق تىلىگەن ئەمەسمۇ؟ سپارتالىقلار ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىگە ئۆكتەملىك بىلەن زومىگەرلىك قىلغاندا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلار ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇۋاتسا، ياردەم قىلماي، تاماشا كۆرۈپ تۇرمىدىمۇ؟



# ئىنسان ۋە خاراكتېر

## گېراسىئان (ئىسپانىيە)

ئادەم شىرغا بىر قاراپلا، ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بىلىۋالالايدۇ؛ قوينى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىتائەتچان، ياۋاش خاراكتېرىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ. ئەمما، ئادەمگە قاراپ، ئۇنىڭ خاراكتېر ــ خۇسۇسىيىتىنى چۈشىنىش تولىمۇ قىيىن. ئومۇمەن، شىرنىڭ ھەممىسى رەھىمسىز، قوينىڭ ھەممىسى ياۋاش كېلىدۇ. لېكىن، ئىنساننىڭ خاراكتېر ــ مىجەزى بىر ــ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. چىدامىلىق، قەيسەر بۇركۇتلەردىن چىدامىلىق، قەيسەر ئەۋلاد قالىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلۇغۋار روھقا ئىگە ئادەمدىن ئۇلۇغۋار روھقا ئىگە ئەۋلاد قېلىشى ناتايىن، ئەرزىمەس ئادەمدىنمۇ ئەرزىمەس ئەۋلاد تۆرىلىشى ناتايىن. ھەر بىر ئادەمدە ئوخشىمىغان چىراي، ئوخشىمىغان مىجەز ــ خاراكتېر بولىدۇ. ئەزەلدىن ئىككى ئادەمنىڭ مىجەز ــ خاراكتېرى ئوپئوخشاش بولغان ئەمەس. ئەقىللىق تەبىئەت بىزگە ئوخشىمىغان چىرايلارنى ئاتا قىلىپ، ھەر بىرىمىزنى گەپ ــ سۆز، ئىش ــ ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ قانداقلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان، ئەركەك بىلەن چىشىنى ئايرىيالايدىغان، ياخشى ــ يامانىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشتىن ۋە بىر ئادەمنىڭ ھىيلە ــ نەيرىڭىنى باشقىلارنىڭ سۈيىقەستى دەپ خاتا يەكۈن چىقىرىشتىن ساقلىنالايدىغان ئىقتىدارغا ئىرىشتۈرگەن.

تالاي ئادەملەر نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھايۋانات ۋە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەمنىڭ خاراكتېر ـ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە مۇھىم بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ھايات ـ ماماتىمىزغا بېرىپ چېتىلىدۇ. دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ھەممىلا ئادەمنى ھەقىقىي ئادەم دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، بىكار تەلەپ دانالار، بىمخۇد بوۋاي ـ مومايلار، ئەخلاقسىز ياشلار، نومۇسسىز ئاياللار، رەھىمسىز بايلار، ئەدەپسىز نامراتلار، قۇرۇق سۆلەت بايۋەچچىلەر، قانۇن ـ ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمايدىغانلار، ئىنسان تەبىئىتى يوقلار، ساختا مۆتىۋەرلەرگە ئوخشاش قورقۇنچلۇق غەلىتە مەخلۇقلار، بىزنىڭ چوڭ ـ كىچىك شەھەر ـ بازارلىرىمىزنىڭ جىمى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا.



# ئادەمنىڭ قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان رەزىللىكلەر ئېيىبلىنىشى كېرەك

## ئارستوتېل (يۇنان)

بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىز مەلۇم مەقسەتنى چىقىش قىلغان، لېكىن بۇ مەقسەتكە يېتىشتە قوللىنىدىغان ۋاسىتىنى ئېھتىيات بىلەن ئەستايىدىل ئويلاپ، ئىنچىكە تاللىمىساق بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا ئالاقىدار ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ تاللىشىغا، شۇنداقلا ئۆز ئىختىيارىمىزغا باغلىق بولىدۇ.

تۇرلۇك ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئالاقىدار رېئال ھەركەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ۋاسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەركەت بولىدۇ. ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆزىمىزگە قارىتا ئېيتىلغان ئەخلاق ـ پەزىلەت، رەزىللىكمۇ ئۆزىمىزگە قارىتا ئېيتىلغان رەزىللىكتۇر. قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلساقمۇ، قىلمىساقمۇ بولىدۇ. بىز ياق دېيەلىگەن يەردە يەنە ماقۇل دېيەلەيمىز. ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلغان بولساق، رەزىل ئىشلارنىمۇ قىلىشىمىز مۇمكىن. ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلمىساق، رەزىل ئىشلارنى قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ياخشى ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولالىساق، ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىققىمۇ قادىر بولالايمىز. ھەرىكىتىمىز ياخشى ئىشقىمۇ، يامان ئىشقىمۇ لايىقلىشالىغاندىكىن، ياخشى ياكى يامان ئادەم بولۇشىمۇ ئۆزىمىزنىڭ تاللىشىغا باغلىق. كونىلار : «دۇنيادا

جاپا چېكىشنى خالايدىغان ئادەممۇ يوق، راھەت كۆرۈشنى خالىماي-دىغان ئادەممۇ يوق» دېگەن. بۇ سۆزنىڭ يېرىمى توغرا، يېرىمى خاتا. راھەت كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئادەمنىڭ يوق بولۇشى راست، لېكىن ئادەم يامان ئىشنى ئۆزى خالاپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بول-مىسا، گېپىمىز ئۆز ئارا زىت بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئادەمنى ئۆز ھە-رىكىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە پەيدا قىلغۇچىسى دېگىلى بول-مايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۆزىمىزدىكى باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشقا يەنە بىر باشلىنىش نۇقتىسىنى ئىزدەپمۇ تاپالمايمىز. ھەرد-كەت ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتى ھەمدە ئۆزىمىز خالاپ قىلىدىغان ھە-رىكەتتۇر.

بىلمەسلىك ھەقىقەتەن گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولغان بولسا، بىلمەسلىكنىڭ ئۆزى جازالىنىشقا تېگىشلىك. مەسىلەن، مەست بولۇۋېلىپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەم ھەسسىلەپ جازالىنى-شى كېرەك. چۈنكى، باشلىنىش نۇقتىسى ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت، ئەگەر ئۇ سەگەك بولغان بولسا، بىلمەسلىك ئۇنىڭ خاتا-لىق ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. بىر ئادەم بىلىشكە تېگىشلىك ھەم بىلىش ئاسان بولغان قانۇن ـ قائىدىلەرنى بىلمەي خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇنى جازالاش لازىم. باشقىچە ئەھۋاللاردا، بەزىلەر ئۆزد-نىڭ بىپەرۋالىقى سەۋەبىدىن بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى بىل-مەيدۇ، بۇنداق بولسا، ئۇنى بىپەرۋا ئەمەس، ئۆزىنى تامامەن تىز-گىنلىيەلەيدۇ، پەقەت ئۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز دېگىلى بولمايدۇ.

بەزىلەر بۇرۇندىنلا بىپەرۋا، تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار بىخۇدلۇق ئىچىدە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن باشقىنى

www.uyghurkitap.com

بىلمەيدۇ. كىشىلەر مۇسابىقىگە قاتنىشىشنى نىيەت قىلسا، چىنىقىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشى، ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى شەرت. ھەقىقىي بىلىمسىز ئادەملەرلا ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ مەلۇم رېئال ھەرىكەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئادالەتسىزلىك پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلسە، بۇ ئۇنىڭ ئادالەتسىز ئادەم بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئادالەتسىز ئىشلارنى قىلىدىغان، شاللاقلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان ئادەمنى ئەسلىي ئۆزى شۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى دېيىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. لېكىن بۇ، ئۇ شۇنداق قىلىشنى خالىغان بولسا، ئادالەتسىز بولماي، ئەكسىچە، ئادىل ئادەم بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

بىر كېسەلمەن ئادەمنىڭ ئۆز ئىختىيارىچە ساغلام ئادەمگە ئايلىنىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ كېسىلى ئاساسەن تۇرمۇشتىكى تەرتىپسىزلىك، دوختۇرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈپ تۇرسا، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، بولمىسا كېسەللىك ئۇشتۇمتۇت بىراقلا قوزغالسا، ئۇنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئادالەتسىز، چېچىلاڭغۇ، شاللاق كىشىلەر دەل مۇشۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۇلار ئىشنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۇنچىلا بولۇپ كەتمەيتتى، لېكىن ئۆزلىرى شۇنداق بولۇشنى خالىغاندىكىن، بۇ ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

مەلۇم ئەھۋالدا، ئۇلار روھىي جەھەتتە ناكار بولۇشنى خالاپلا قالماي، يەنە جىسمانىي جەھەتتىمۇ شۇنداق بولۇشنى خالايدۇ ھەم بۇنىڭ ئۇچۇن ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ. تۇغۇلۇشىدىنلا بەتبەشىرە ئا-

دەمنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. ئەمما، ئۆزىنىڭ بىخەستەلىكى سەۋە-
بىدىن شۇنداق بولۇپ قالغان ئادەمنى خەق ئەيىبلەيدۇ. مەجرۇھ ئا-
دەملەرنى ئېلىپ ئېيتساق، تۇغۇلۇشىدىنلا كۆزى كۆرمەيدىغان،
كېسەللىك ۋە مەلۇم زەربىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن ئەما بولۇپ قالغان
ئادەمنىمۇ ھېچكىم مەسخىرە قىلمايدۇ، لېكىن ھاراقكەشلىك ياكى
شاللاقلىق سەۋەبىدىن ئەما بولغان ئادەمنى ھەممەيلەن ئەيىبلەيدۇ.
ئومۇمەن، ئۆزىمىز پەيدا قىلغان جىسمانىي ناكارلىق ئەيىبلىنىپ،
ساقلىنىشقا قۇربىمىز يەتمەي، ئىلاجسىز ئەھۋالدا دۇچار بولغان
ناكارلىق ئەيىبلەنمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قىلىشقا قۇربىمىز
يېتىدىغان رەزىللىكنىڭ ھەممىسى ئەيىبلىنىشى كېرەك. ئادەم ئۆ-
زى قانداق بولسا، بۇ تەرەپ ئۇنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىدىمۇ ئەكس
ئېتىدۇ. ئەگەر ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ خاراكتېر ـ پەزىلىتىگە
مەسئۇل بولسا، مەلۇم مەنىدە يەنە ئۆز تەسەۋۋۇرىغىمۇ مەسئۇل بو-
لۇشى لازىم. ناۋادا، ئۇنداق بولمىسا، رەزىل قىلمىشلىرىغا مەسئۇل
بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى
ئېنىق ئاڭقىرالماي، بۇ ئىشىم ماڭا ئەڭ زور خەيرلىك ئېلىپ كې-
لىدۇ دەپ قارىغانلىقى سەۋەب بولىدۇ ياكى ئۆزىگە ئىگە بولالمىغان-
لىقتىن شۇنداق قىلىدۇ.

ئادەمگە نىسبەتەن، ھەقىقىي خەيرلىك ئىشلارغا توغرا ھۆكۈم
قىلىش ۋە ئۇنى تاللاش ئۈچۈن، كىچىكىدىن تارتىپلا كۆرۈش سې-
زىمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ها-
زىرلاش تولىمۇ زۆرۈردەك قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە تۇغۇلۇشى-
دىنلا مۇشۇنداق ئىقتىدار بولسا، ئۇ تۇغما ئېسىل ئادەم ھېسابلى-
نىدۇ. ئومۇمەن، ئەڭ ئۇلۇغ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئېسىل

نەرسىلەردۇر، يەنى خەقتىن ئالغىلىمۇ، خەقتىن ئۆگەنگىلىمۇ بولمايدىغان تەبىئىي ـ تۇغما نەرسىلەردۇر. ئەگەر ئادەمدە تۇغۇلۇشىدىنلا مۇشۇنداق سەرخىل ئىقتىدار ھازىرلانغان بولسا، مۇكەممەل ۋە ھەقىقىي ئەخلاق ـ پەزىلەتمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ھازىرلانغان بولىدۇ.

83



# ئالىيجانابلىق يولى

## ھېنرى نيۇمان (ئەنگلىيە)

بىر ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى باشقىلارغا ئازاب ئېلىپ كەلمىسە، ئۇ ئالىيجانابلىققا مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇنداق دېيىش قا ـ ئىدىدىن چەتلەپ كەتكەنلىك بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ ماھىيە ـ تىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ خاتا ھېسابلانمايدۇ. ئاتالمىش ئالىيجاناب ئادەم ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىش قىلغاندا چەكلىمىگە ئۇچراپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ـ نىڭ توسقۇنلۇقىدىن خالاس قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھالبۇكى مۇ ـ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا ھېسداشلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بې ـ رىپلا، ئىشتىراك قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىنىڭ خاراكتېرى خۇددى كىشىلەرنىڭ ھۇجرى ـ سىنى سەرەمجانلاشتۇرغاندا، ئىمكانقەدەر ئارامبەخش، راھەت (يۇم ـ شاق دىۋان ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغاندەك ھەم مەش ئادەمگە ئىسسىقلىق بەخش ئەتكەندەك) بولۇشنى كۆزدە تۇتقاندەك بىر ئىش ـ قا سەل ـ پەل ئوخشاپ قالىدۇ. دىۋان بىلەن مەش بولمىغان تەق ـ دىردىمۇ، تەبىئەت كىشىلەرگە ھاردۇق چىقىرىش ۋە ئىسسىنىشنىڭ باشقىچە ئۇسۇلىنى ئاتا قىلالايدۇ.

ھەقىقىي ئالىيجانابلار كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، ھەر قانداق ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىنمۇ ساقلىنىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېرەك. مەسىلەن، پىكىر ۋە ھېسسىيات جەھەتتە كۆرۈلىدىغان زىددىيەت، قورۇنۇش، ھەسەت، مەيۇسلىنىش، ئىچى پۇشۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىدىن ھەزەر ئەيلىشى زۆرۈر. ئالىيجاناب ئادەمنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى كىشىلەرگە كۆڭۈل ئازادىلىك، كەڭ - كۇشادىلىق بېغىشلاشتىن ئىبارەت. ئۇ دائىم پۈتكۈل كىشىلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىگە چىن دىلىدىن كۆڭۈل بۆلىدۇ: تارتىنچاقلارغا مۇلايىم، ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغانلارغا دوستانە، ئالىجۇقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ؛ ئۆزى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايدۇ؛ قارشى تەرەپكە ئازار يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، زامانغا ماسلاشمايدىغان ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆزلەرنى دەپ سېلىشتىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ؛ سۆھبەت جەريانىدا ھەم ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرمەيدۇ، ھەم ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ قويمايدۇ. باشقىلارغا خەير - ساخاۋەت قىلغاندا، ئۆزى ساخاۋەت قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى ساخاۋەتكە ئېرىشكۈچىدەك، ئىمكانىقەدەر داۋراڭ سالماي ئاددىي قىلىدۇ. ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالمىسىلا، ئادەتتە ئۆزىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ؛ تاكاللىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايدىغان ئىشنى ئەسلا قىلمايدۇ؛ ھەرقانداق پىتنە - پاسات، تۆھمەتلەرنى كۆڭلىدە ھەرگىز ساقلاپ يۈرمەيدۇ؛ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگەن كىشىلەرنى يېنىكلىك بىلەن ئەيىبلىمەيدۇ؛ تۇرلۇك ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆزلەرنى ئىمكانىقەدەر سەمىمىيلىك بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، قوپال، يۇزە گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرىپ تاشلىمايدۇ، يولسىز، زورلۇق ۋاستە بىلەن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىۋالمايدۇ. شەخسىي ھېسسىياتى ۋە زەھەردەك ئاچچىق سۆزلەرنى دەلىل - ئىسپات قىلىپ كۆتۈ-

روپمۇ چىقمايدۇ ياكى گەپنى ئۇچۇق ئېيتىشقا پېتىنالمىغان چاغدا، زەھەرخەندىلىك بىلەن دارتىمىلايدىغان قىلىقنى ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، پىكرى چوڭقۇر بولۇپ، قەدىمكىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنا - مىسى قىلىدۇ.

بىز دۈشمەنلىرىمىزگە مۇئامىلە قىلغاندا، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۇلارنى دوستىمىزغا ئايلاندۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىشىمىز شەرت. ئالىيجاناب ئادەم ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدۇ، خورلاش ۋە خورلىنىشنى ياقتۇرمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئىرادىسى مۇس - تەھكەم، ئىش - ھەرىكىتى پاك بولىدۇ، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ؛ قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن، باشقىلارغا ئۆچمەنلىك ساقلاشقىمۇ چولىسى تەگمەيدۇ. ئۇ تولىمۇ سەۋر - تاقەتلىك بولۇپ، نى - نى ئېغىرچىلىقلارغا چىدايدۇ؛ ھەممە ئىشتا مەلۇم ئەقىل - ئىدراك، پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى ئاساس قىلىدۇ؛ جاپا - مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەت، يالغۇزلۇق ۋە ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. ئەگەر ھەرقانداق مەسىلە توغرۇلۇق باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن - دە، كاللىسىنى ناھايىتى سەگەك تۇتۇپ، ئۆزى ئەقىللىق، لې - كىن ئوبدان تەربىيە كۆرمىگەن ئادەملەردە دائىم كۆرۈلىدىغان ئەدەپسىزلىكلەرنى، ئادالەتسىزلىكلەرنى ھەرگىز قىلىپ سال - مايدۇ؛ بىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن جەسۇرلۇق، ئاددىي - ساددىلىق، قەتئىيلىكنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشىنى ئېنىق كۆرۈۋالايمىز. سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، مۆكەممەللىك، كەڭ قورساقلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەڭ تولۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ؛ ئۇ رەقىبلى - رىگىمۇ ئاجايىپ كۆيۈنىدۇ، غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يې - تەرسىزلىكلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوغدايدۇ؛ ئىنسانىيەت ئە - قىل - ئىدرىكىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىمۇ، كەمچىلىكىنىمۇ تونۇپ يېتەلەيدۇ.